مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سىپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تارىبىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

MIRAS (HERITAGE) OF UYGHUR FOLK CULTURE

# MIRAS 美拉斯

# مىراس



4
2010

ISSN 1004-3829



شائىر، تىلشۇناس، تارىخ، ئېتنوگرافىيە ، مەدەنىيەت، سەنئەت، مۇقام تەتقىقاتچىسى،

ئاتاقلىق جامائەت ئەربابى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى (1924- )






قوش ئايلىق ژۇرنال      2010 ـ يىل 4 ـ سان

(ئومۇمىي 120 ـ سان)

## مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئۆزۈڭدىن باشلا

ئاتا ـ بوۋامدىن قالغان نەسىھەتلەر ............ غالىب مۇھەممەد قارلۇق (1)
ئۆزلۈككە قايتىش ........................ مۇھەممەد كامال خۇشخۇي (9)

## ئادەت قېرىماس

ئۇيغۇر ھۈنەرۋەن ـــ كاسىپلىرىدىكى شاگىرت تەربىيەلەش ئەنئەنىسى - - -
............................................ ئابدۇقەييۇم مىجىت (16)
دەريا بويلىقلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى .......... مەتسەئىدى مەتقاسىم (34)

## لەقەمسىز ئەر بولماس

شېخنى تارتىپ يىلتىزىنى چىقىرىش .................. مەتتىمىن قۇربان (24)

## مىراسلىرىمىز

«تارىخىي ھەمىدى»دىكى ئەمەل ـ مەنسەپ ۋە ھۈنەر ـ كەسىپكە ئائىت ...
ئاتالغۇلار ........................................ ئەھەد مۇھەممەدۇللا (28)
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئالتۇن يارۇق ...... ھەبىبۇللا خەلىۋۇللا (58)

## گۈزەللىك ئوندۇر، توققۇزى توندۇر

قومۇل كەشتىچىلىكى .............................. پاتىگۈل قاسىم (42)

## ئەقىل ـ دۇردانىلىرى

ھېكمەتلىك ھېكايەتلەر .................. توپلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر (50)

## يېمەكلىرىمىز

ئۇيغۇرلاردا بال ۋە شېكەر ........................... مامۇت قۇربان (54)

باش مۇھەررىر:
**ۋاھىتجان غوپۇر**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
مۇھەررىرلەر:
**نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەتتىمىن**
**ئەزىزە تۇيغۇن**
جاۋابكار مۇھەررىر:
**نۇرنىسا باقى**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**نەشر قىلغۇچى:** «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: (0991) 4554017

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 ـ 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 ـ 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
تاق ئاينىڭ 20 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!


## ئەجدادلار ئىزى

تەكلىماكاندىكى گىگانت راۋاق ........................ يالقۇن ياقۇپ (63)

## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

ئادىل ۋەزىرنىڭ ئەقىللىق قىزى ........................ (70)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

ھويلا ئارام مەدەنىيىتى ........................ سادەتگۈل غوپۇر (73)

ئۇيغۇرلاردا كىتاب ........................ گۈلمىرە ئابلىكىم (76)



**مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەزىزە تۇيغۇن**
**تەكلىپلىك كوررېكتور: ھاۋاخان ئارىپ**
**كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى**
**ماۋزۇ ۋە ئىچ بەتلەرنى لايىھىلىگۈچى: مەريەمگۈل ئىدرىس**


### ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

ئۆي ئىچىڭىز بەرىكەتلىك، ئىشلىرىڭىز نېمەتلىك، توپا ئالسىڭىز ئالتۇن، كۆل ئالسىڭىز كۆمۈش بولغاي! سىزنىڭ قوللىشىڭىز بىلەن ژۇرنىلىمىز مۇشۇ كۈنگە كەلدى. شۇنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سەمىڭىزگە سالىمىزكى 2010 - يىلىدىن ئېتىبارەن ژۇرنىلىمىزنى كىتابخانىلارغا سېلىشنى توختاتتۇق. شۇڭا پەقەت مۇشتەرىلىرىمىزلا ژۇرنىلىمىزدىن ھۇزۇرلىنىشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ. مۇبادا سىز بىزنىڭ سادىق ئوقۇرمىنىمىز بولسىڭىز مۇشۇ گەپنى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزغا، ئاغىنە - بۇرادەرلىرىڭىزگە، خىزمەتداشلىرىڭىزگە، يېقىن - يورۇقلىرىڭىزغا يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىمىز كامىل.


مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدىكى رەسىمنى **ئەسقەر تۇردى** سىزغان

ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى **ئادىل ئىسمائىل، ھۈسەنجان قاسىملار تەمىنلىگەن**

2010 - **يىللىق** 3 - سان **مۇقاۋىنىڭ** 3 - بېتىدىكى سۈرەتلەرنى **ھۈسەنجان قاسىم تارتقان**

Chief editor: Wahitjan Ghopur
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Nurnisa Baki


# 保护文化遗产
# 捍卫精神家园


总编：
**瓦依提江·吾甫尔**
副总编：
**穆合塔尔·穆罕默德**
（法人代表）
编辑：
**努尔尼沙·巴克**
**胡尔仙阿依·买买提明**
**艾孜再·吐依贡**
**本期责人编辑：**
**努尔尼沙·巴克**

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路 716 号文联 14 层）
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：**58—60**
**E_mail:** mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00 元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federa_tion of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥

## غالىب مۇھەممەد قارلۇق

بالام، نەسىھەتلەرگە قۇلاق سال:
بالام، سەن جەمئىيەت تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان، ئۆزگىرىشلەر زور بولۇۋاتقان، يەر
شارىلىشىش دولقۇنى ئىچىدە سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرلىرى مەدەنىيىتىمىزگە تەسىر
كۆرسىتىپ روھىيىتىمىزگە، كىشىلىك قاراش ۋە دۇنيا قاراشلىرىمىزغا، ئەنئەنىۋى دۇنيا
قاراش، قىممەت قاراشلىرىمىزدا تەۋرىنىش بولۇپ، ئۆرپ-ئادەت ۋە ئەخلاق-ئۇدۇملى-
رىمىزغا ئۆزگىرىش ئەپكېلىۋاتقان پەۋقۇلئاددە بىر دەۋردە ياشاۋاتىسەن. ئۆز مىللىتىنىڭ
گۈزەل ئەخلاق-ئەھكاملىرى، ئېسىل ئۆرپ-ئادەتلىرىدىن خەۋەرسىز يۈرۈش گۇناھتۇر.
جاھاننىڭ ئېزىنتقۇ تۇمانلىرىغا ئەل بولۇپ، باشقا ئەللەرنىڭ ھەررەڭ-سەررەڭ مەدەنىيەت-
لىرىگە مەستخۇش بولۇپ، ئۆز مىللىتىدىن ياتلىشىش ئاقىۋەتتە يامان نەتىجە بىلەن ئاياغ-
لىشىدۇ. ئۆز مىللىتىنىڭ، خەلقىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى، ئەخلاق ۋە قىممەت قاراشلىرىنى
بىلىش، ئۆگىنىش ھەر بىر مىللەت ئەزاسى، پەرزەنتى ئۈچۈن پەرھىز ھەم قەرز. بالام،
بىز ھەرقانچە تەرەققىي قىلىپ كەتسەكمۇ، تەرەققىياتقا ھەرقانچە يۈزلىنىپ كەتكەن تەق-
دىردىمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئەسلىنى، يىلتىزىمىزنى، مەدەنىيىتىمىزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز
كېرەك ئىدى. تەرەققىي قىلىش كېرەك، تەرەققىياتتا گۇناھ يوق، مەسىلە بىزنىڭ شۇ تە-
رەققىيات جەريانىدا ئەقلى-ھوشىمىزنى يوقىتىپ قويۇش-قويماسلىقىمىزدا، تەرەققىياتقا
ئىلمىي، توغرا پوزىتسىيە بىلەن يۈزلىنەلىشىمىزدە! تەرەققىي قىلىمىز دەپلا ھەممە نەرسە-





دىن ۋاز كېچىش، ئەسلىنى ئۇنتۇپ قېلىش توغرا ئەمەس. مەن سىزگە ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن قالغان بىر قىسىم تەۋەررۇك ئەخلاقىي كۆز قاراشلارنى يەتكۈزۈشنى بۇرچۇم دەپ ئويلىدىم. بۇلار نۆۋەتتە مىللەتكە، زامانغا لايىق پەزىلەتلىك ئادەم بولۇشنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئەقەللىي ساۋات-مىزانلىرىدىن بىرى. بۇلار ئېسىڭىزدە بولسۇن، بالام.

## ئاتا-ئانىلارنى ھۆرمەتلەش ھەققىدە

بالام، بىر ياراتقۇچىدىن قالسىلا دۇنيادا ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان ئاتا-ئانىدۇر. ئاتا-ئانا پەرزەنتلەرنىڭ ئاپىرىدىگاھى، ھامىيسى، تۇنجى ھەم مەڭگۈلۈك ئۇستازى. ئاتا-ئانا ئەجرىسىز ھاياتلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. دۇنيادا ئانىلارنىڭ مېھرىبانلىقىنى، ئاتىلارنىڭ پىداكارلىقىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئىككىنچى بىر نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا كىلاسسىكىمىز مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى: «ئاتا-ئانىنىڭ ئەڭ ئاددىي ھەققى شۇدۇركى، ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن سەن دۇنياغا تۆرەلدىڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئاناڭنى ھەمىشە ھۆرمەت قىل ۋە ئۇلۇغ بىل»، دەپ ئېيتىدۇ. مەشھۇر يازغۇچىمىز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى ئانا ئەجرى ھەققىدە:

«ئانىنىڭ بىر تېمىم سۈتى ھەققىگە،
ئاپارماق يەتتە رەت لازىم مەككىگە.
بىر تېمىم سۈت ھەققى شۇنچىلىك ئۇلۇغ،
نېمە دەيسەن سېنى باققان پۈتۈن ھەققىگە.»

دەپ شېئىر قاتسا، ئۇلۇغلىرىمىز ئاتا ھەققىدە «ئاتا نەسىھىتى — پەرزەنت بەختى»، «ئاتا بىر تۈپ سۆيگۈ دەرىخى»، «ئاتا دېگەن تاغ»، «ئاتا — ئائىلە تۈۋرۈكى» دەپ قەيت قىلىشىدۇ. ئۇلۇغ ئالىم بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي: «ئاتا-ئاناڭنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلا، ئۇنى قايتۇرما، مال-دۇنيا ۋە بەختكە ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ تەكەببۇرلىشىپ، قۇترىما» دېسە، كىلاسسىكىمىز موللا ئەلەم شەھرىيار: «ئاتا-ئانىلارنى ئىززەتلەش، جان-دىل بىلەن ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلماق زۆرۈرىيەتتۇر»، دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. دېمىسىمۇ مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى ئېيتقاندەك «ئاتا-ئانا دەرەخنىڭ ئۇلىغا، پەرزەنت دەرەخنىڭ شېخىغا ئوخشايدۇ، شاخ ئۇلىنىڭ قەدرىنى بىلمىسە، شاخنىڭمۇ قىممىتى بولمايدۇ.»

شۇنداق تۇرۇقلۇق، بىر قىسىم باللار ئاتا-ئانىنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ، ھەتتا گەپ ياندۇرىدۇ، قاقشىتىدۇ، دىلىغا ئازار بېرىدۇ. ھەتتا شۇنداقمۇ ۋىجدانسىز، ۋاپاسىز، ئەقلى كورلار باركى، ئاتا-ئانىسىغا قول سالىدۇ. بۇ نېمە دېگەن ئېغىر گۇناھ-ھە! مەن بىر قېتىم سىنىپتا دەرس سۆزلەۋېتىپ: «ئاتا-ئانىغا ئالىيىپ قاراشمۇ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ» دېۋىدىم، كۆپلىگەن ساۋاقداشلار ئۆزىنىڭ بۇنداق «گۇناھ»نى ھەر دائىم سادىر قىلغانلىقىغا ئۇھسىنىش ئىچىدە ئىقرار بولۇشتى. تېخى، مۇشۇنداق قىلىشنىڭ گۇناھ بولىدىغانلىقىدىن چۆچۈپ كېتىشتى. ئۇلار ئىلگىرى بۇنى بىلمەيدىكەنتۇق. ئاتا-ئانىسىغا قوپال مۇئامىلە قىلىدىغان، ئەدەپسىز باللارغا مەن بۇ يەردە تارىخچىمىز موللا مۇسا سايرامىنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئاگاھ سۈپىتىدە ئەسكەرتمەكچىمەن: «بۇغداي تېرىغان كىشى بۇغداي، ئارپا تېرىغان كىشى ئارپا ئالغانغا ئوخشاش، كىمكى ئاتىسىغا چوڭچىلىق قىلسا، ئۆز پەرزەنتىدىن شۇنىڭغا ئوخشاش ئاقىۋەتنى كۆرىدۇ.» يەنى چوڭلارنىڭ ئۆتنە جاھان دېگىنى مۇشۇ شۇ! ھۆرمەت قىلسا ھۆرمەت تاپىدىغان گەپ.

بالام، شۇنىسى ئېسىڭدە بولسۇنكى، «ئاتا-ئاناڭنىڭ كۆڭلىگە ھەرگىز ئازار بەرمە ۋە ئۇلارنى رەنجىتمە. سەن ئۇلارنى رەنجىتسەڭ، بۇ دۇنيادا پۈتۈن ئىنسان ساڭا نەپرەت ياغدۇرىدۇ، ئاتا-ئاناڭ سېنى كىچىكىڭدىن تارتىپ مېھىر-مۇھەببەت بىلەن پەرۋىشلەپ چوڭ قىلدى، ياخشى ئىش، ياخشى كەسپلەرنى ئۆگەتتى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ياخشى ئادەم بولۇشۇڭنى تىلەيدۇ، مېنىڭ مۇشۇنداق ئادەم بولالىشىم ئاتا-ئانامنىڭ سەۋەبى ۋە تەربىيە قىلىشىدىن بولغان، دەپ تونۇغىن. ئاتا-ئاناڭنى ھەرگىز پەس كۆرمە ۋە كەمسىتمە، ئۇلارنى پەس كۆرۈپ ھۆرمەت قىلـ

2010.4

مىساڭ، سېنى ھەرگىز ياخشى ئادەم دېگىلى بولمايدۇ»
(مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى). شۇڭا ئاتا-ئانىمىزنىڭ قەد-
رىگە يېتەيلى، ئۇلارنى ئۇلۇغلايلى، ھۆرمەتلەيلى، گەپ
ياندۇرمايلى، ئالىيىپ قارىمايلى، ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزلە-
رىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايلى. بولسا چامىمىزنىڭ يېتىشى-
چە ئۇلارغا ياردەملىشەيلى، پۇت-قوللىرىنى سىلاپ،
ئۇۋۇلاپ قويايلى، ھەرقانچە قاتتىق گەپ قىلىۋالسىمۇ، را-
زىمەنلىك بىلەن ئېغىر-بېسىق بولايلى.

**چوڭلارنى، ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەش ھەققىدە**

بالام، چوڭلارنى، ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەش بىزگە
ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن مىراس قالغان ئېسىل ئادەت، ئەخلا
قىي پەزىلەت. لېكىن، ھازىر بىر قىسىم باللار كوچىلاردا،
ئاممىۋى سورۇنلاردا چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىشنى ئۇقمايدۇ-
دۇ، ئالدىدىن «توغرا» ئۆتىدۇ، قالايمىقان، سەت گەپ-
لەرنى قىلىدۇ، ۋارقىراپ سۆزلىشىدۇ. ناتونۇش چوڭلارغا
كىچىككىنە سالاممۇ قىلمايدۇ، كارى بولمايدۇ. مەكتەپلەر-
دە بولسا بىر قىسىم ساۋاقداشلار ئوقۇتقۇچىلىرىنى
ھۆرمەت قىلمايدۇ، ھەتتا تاكاللىشىدۇ، سەت گەپلەر بىلەن
ھاقارەتلەيدۇ. تېخى، ئۆزىگە دەرس بەرمەيدىغان ئوقۇت-
قۇچىلىرى بىلەن روبىرو ئۇچرىشىپ قالسىمۇ سالام قىلماي-
دۇ. بۇنداق ئەھۋال ھازىر مەكتەپلەردە كۆرۈلۈپ تۇرۇ-
ۋاتىدۇ. بۇ ياخشى ئەھۋال ئەمەس. بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچى-
ئۇستازلىرىغا ھۆرمەتسىزلىك ئەڭ ئەشەددىي ئەخلاقسىز-
لىقتۇر.

بالام، چوڭلارنى، ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەش ھەققىدە
ئەجدادلىرىمىزدىن گۈزەل ھېكمەتلەر، نەسىھەتلەر قالغان.
بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي: «چوڭنى ھۆرمەتلىسەڭ
بەخت تاپىسەن» دېسە، مۇتەپەككۇر بوۋىمىز يۈسۈپ
خاس ھاجىپ سالامنىڭ خاسىيىتى ھەققىدە شۇنداق
دەيدۇ: «سالام كىشى ئۈچۈن سالامەتلىك يولىدۇر، سالام
قىلسا سالامەتلىكنىڭ ئۇلى قۇرۇلغان بولىدۇ، سالام كىشى
ئۈچۈن تىنچلىق ۋە ئەمىنلىكتۇر، سالام قىلسا كېيىن جان
ئەمىن تاپىدۇ. ئۇلۇغلارنى ئۇلۇغلاپ، ھۆرمىتىنى قوغدا،
ساڭا دۆلەت ۋە ئۇلۇغلۇق بەختى كېلىدۇ.» بۇ يەردىكى
«ئۇلۇغلار» چوڭلار دېگەن مەنىدە كېلىۋاتىدۇ. كىلاسسى-
كىمىز موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرىمۇ: «ئۇلۇغ ۋە
كىچىكلەرنىڭ ھەر قايسىسىغا ئۆز مەرتىۋىسىگە لايىق
ھۆرمەت بىلدۈر، قېرى كىشىلەرنى ئاتا مەرتىۋىسىدە



كۆرۈپ، ئۇلارغا ھۆرمەت قىل، يېقىنلىرىڭنى ئاكا ۋە ئىنى
قاتارىدا كۆرۈپ، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە، يېقىنچىلىق
بىلدۈرۈپ، ئىززەت قىل، كىچىكلەرنى ئۆز پەرزەنتىڭ قا-
تارىدا كۆرۈپ، شەپقەت ۋە نەسىھەت قىل، ياخشى ئىش-
لارغا دالالەت قىل، لېكىن، يامانلارنىڭ سۆھبىتىدىن پەر-
ھىزدە بول، ناۋادا ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە قاتنىشىش زۆرۈر
بولۇپ قالسا، كۆزۈڭنى ۋە ئاغزىڭنى (كۆڭلۈڭنى)
ئۇلاردىن ساقلا.» ئەمدى ئۇستازلارغا كەلسەك، ئېغىزغا
ئىلىم سالغان ئادەم نۆۋەتتە كەلسە ئاتا-ئانىدىن ئۇلۇغ-
دۇر. شۇڭا شېئىرىيەت پېشۋاسى، بوۋىمىز ئەلىشىر نەۋا-
ئى: «جاپا چېكىپ ساڭا بىر ھەرپ ئۆگەتكەن ئۇستازنىڭ
ھەققىنى يۈز تىللا بېرىپمۇ ئادا قىلغىلى بولمايدۇ»،
دەيدۇ. موللا ئەلەم شەھيارى بولسا: «بىلىم بەرگەن
ئۇستازىڭنى ئاتاڭدىنمۇ ئارتۇق بىل، ئۇنىڭغا ئىززەت-
ئېھرام قىل» دەپ خىتاب قىلىدۇ. ھەزرىتى لوقمان ھېكىم-
مۇ ئۆزىنىڭ «100 نەسىھەت»ىدە: «ئۇستازنى ئاتىدىن
ئەزىز بىل» دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. تارىخىمىزدا ئۆتكەن
مەشھۇر ئالىم، ئۇلۇغ سائادەتلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى
ئۇستازلىرىنى ھۆرمەتلەشنىڭ نادىر ئۈلگىلىرىدىن ئىدى.
مىلادىيە 356-يىلى مەشھۇر بۇددا ئالىمى، مۇتەپەككۇر
كۇماراجىۋا كەشمىردىن ئىلىم تەھسىل قىلىپ كۇسەنگە
قايتىپ كەلگەندە كۇسەن خانى ئاقارى پاك مەخسۇس
كۇماراجىۋا ئۈچۈن شىر شەكىللىك ئالتۇن پۇتلۇق تەخت

ياستىپ، ئۇنى رۇم كىمخاپلىرى بىلەن بېزەپ، ئۆزى ئاشۇ ئورۇندۇقنىڭ ئالدىدا دۇم يېتىپ، كۇماراجىۋانى ئۇزىنىڭ دۇمبىسىنى دەسسەپ تۇرۇپ تەختكە چىقىپ بۇددا نوم-سۈترىلىرىنى مۇتالىئە قىلىشقا تەكلىپ قىلغان. دېمەك، ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەش ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۈزەل پەزىلەتلىرىدىن بىرى. ئۇستازلارنى قانچىلىك ئۇلۇغلىساق، قانچىلىك بېشىمىزغا ئېلىپ كۆتۈرسەك، قانچىلىك ئىززەت-ئېھرام بىلدۈرسەك ئەرزىيدۇ. ئويلاپ باقايلى، ئۇستاز ئەجرىسىز بۇ دۇنيادا كىمنىڭ قەلبى يورىغان؟ مەيلى ئالىم بولسۇن، مەيلى چولپان سەنئەتكار بولسۇن، مەيلى پۇلدار چوڭ باي بولسۇن، ھەممىسى ئۇستاز مېھنىتىنىڭ يارقىن جۇلاسىغۇ ئاخىر! بۇنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت، بالام.

## پاكىزلىق — دۆلەت

خەلقىمىزدە «پاكىزلىق — دۆلەت» دەيدىغان سائادەتلىك گەپ بار. بۇ ئۆزىنى پاك، پاكىز تۇتقان، ياشاۋاتقان مۇھىتنىمۇ پاكىز تۇتۇشقا تىرىشىدىغان كىشىنىڭ تېنى ۋە ئەقلىمۇ ساغلام بولۇپ، ئۇزاق ئۆمۈر ھەم بەخت سۈرىدۇ، دېگەنلىك. ساغلام تەن ئەلۋەتتە پاكىزلىقتىن كېلىدۇ، شۇڭدىلا بوۋىلار ئېيتقاندەك: «ساغلام تەندە ساپ ئەقىل» بولىدۇ. مۇتەپەككۇر، ئەدىب رىزائىددىن ئىبنى فەخرۇددىن «ئىلمىي ئەخلاق» ناملىق كىتابىدا پاكىزلىق ھەققىدە شۇنداق دەپ يازىدۇ: «قول، يۈز، كىيىم-كېچەك، كىتاب، يېزىق ۋە باشقا ھەر تۈرلۈك نەرسىلەرنى كىرسىز، چاڭسىز تۇتۇش پاكىزلىق – پاكلىق بولىدۇ. بۇ نەرسىلىرى كىر كىشىلەردىن ئادەملەر نەپرەتلىنىدۇ، قاچىدۇ.» تونۇلغان ئايال ئالىم ئالىمەتۇل باناتمۇ «ئائىلە ساۋاقلىرى» دېگەن ئەسىرىدە: «ھەر تەرەپتىن پاكىز بولغاندا راھەت بولىدۇ. بۇنى كىشىلەر سىناپ كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھويلا ۋە ئۆيلەرنى ئەخلەت-چاۋالاردىن، چاڭ-توزانلاردىن تازىلاپ تۇرۇشقا ئادەتلىنىش لازىم. شۇنداقلا ئىدىش-تاۋاق، قازان-قومۇچ، ساماۋار قاتارلىقلارنى ھەر ۋاقىت پاكىز تۇتۇش زۆرۈردۇر» دەيدۇ. دېمەك، بالام، پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىش — ئىنساننىڭ سائادەتلىك ئىشى، خەلقىمىز ئەزەلدىن پاكىزلىققا ئېتىبار بىلەن قاراپ كەلگەن. شۇڭا سېنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق بالىلار، ساۋاقداشلار، جۈملىدىن چوڭلارمۇ شەخسىي تازىلىقى ۋە مۇھىت تازىلىقىغا ئەڭ يۈكسەك كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم.

بالام، مەيلى قانداق ئەھۋالدا، قانداق شارائىتتا ياشا، ھەر ۋاقىت پاكىزلىققا دىققەت قىل، ئۆزۈڭنى پاك تۇت، شۇندىلا روھىڭ پاك بولىدۇ، جۇشقۇن ھەم روھلۇق بولىسەن، ئىشلىرىڭ بەرىكەت تاپىدۇ! چۈنكى، پاكىزلىق ئۇلۇغ سائادەتتۇر.

## يېمەك-ئىچمەك ئەخلاقى توغرىسىدا

بالام، ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس يېمەك-ئىچمەك ئەخلاقى بولىدۇ، بىزنىڭمۇ بىر يۈرۈش ئەدەپ-قائىدىلىرىمىز بار. ئەڭ ئالدى بىلەن بىز يېمەك-ئىچمەكنىڭ تازىلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارايمىز، قولنى پاكىز يۇماي تۇرۇپ يېمەك-ئىچمەككە داخىل بولمايمىز. «كېسەللىك گالدىن كىرەر» دېگەن ئىبرەتلىك ھېكمەتنىڭ روھى بويىچە يېمەك-ئىچمەكنىڭ سۈپىتى ھەم مىقدارىغا دىققەت قىلىمىز. تاماقنى جىق يەيدىغان ئادەملەرنى بولسا «كالا» دەپ سۆكەتلەپ قويىمىز. بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا: «غىزانى ئاز يە، ئۆزۈڭنى پاك تۇت» دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. قەشقەردە ياشاپ ئۆتكەن كىلاسسىكىمىز مۇھەممەد سادىق قەشقەرى «ئەدەبۇسسالىھىن» ناملىق كىتابىدا يېمەك-ئىچمەكنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «تائامنى ئازراق يېگەي ياكى قورساق ھەققىي ئاچمىغۇچە تائام يېمىگەي. شۈبھىلىك تائامدىن ھەزەر قىلغاي، ئەگەر زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن شۈبھىلىك تائامنى يېيىشكە توغرا كەلسە ئىمكانقەدەر ئاز يېگەي. تائامنى ئولتۇرۇپ يېگەي. تائامنى دىققەت بىلەن يېگەي. تائامنى ئوڭ قول بىلەن يېگەي. تائامنى ئۆز ئالدىدىن ئالغاي، ئەمما، مېۋ-



2010.4



لەرنى ھەرقايسى تەرەپتىن ئالسا بولىدۇ. نان ۋە نان ئۇۋاقلىرىنى قەدىرلىگەي، ناننى ئىككى قول بىلەن سۇندۇرغاي. قورسىقى ئاچ بولسىمۇ تائامنى ئالدىراپ- تېنەپ، ئاۋاز چىقىرىپ يېمىگەي. بۇ خىلدىكى تائام يېيىشنى ئاچكۆزلۈك دەپ ئاتايدۇ. ئۇ كۆڭۈلنىڭ قېتىشىغا ۋە كورلىشىشىغا سەۋەب بولۇپلا قالماي، كۆڭۈلنى ئۆلتۈرىدۇ. تائامدىن بۇرۇن ۋە تائامدىن كېيىن قولنى يۇغاي. تائامنى يەپ بولغاندىن كېيىن رەھمەت- تەشەككۇر ئېيتقاي.» ئالمەتۇل باناتمۇ شۇنداق دەپ يازىدۇ: «تاماق يېگەن ۋاقىتتا داۋاملىق چۇشكۇرۇش، جىم ئولتۇرماسلىق، قاش ۋە كۆز بىلەن ئىشارەت قىلىش، كىيىم- كېچەك ۋە پۇت- قوللىرىنى ئويناش، ئۇياق- بۇياققا قاراش، باشقىلارنىڭ تاماق يېيىشىگە تىكىلىپ تۇرۇش، يانپاشلاپ كېرىلىش، كىشىلەرگە ۋە تائامغا قاراپ يۆتىلىش، يېنىدا ئولتۇرغانلار بىلەن مەخپىي سۆزلىشىش، ئاۋاز چىقىرىپ كۈلۈش، بەك يۇقىرى ياكى ھەددىدىن زىيادە پەس ئاۋازدا سۆزلەش، چوڭلارنىڭ ئالدىغا سايىۋەن ياكى تاياق كۆتۈرۈپ كىرىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەدەپسىزلىكتۇر. بالىلارنىڭ بۇلاردىن ساقلىنىشى ئۈچۈن تىرىشىش لازىم.» خەلقىمىزدە يەنە يېمەك- ئىچمەك ئىسراپچىلىقىمۇ ناھايىتى ئېغىر ئېلىنىدۇ، «يېمەك- ئىچمەكنى ئىسراپ قىلسا، نانغا دەسسىسە يامان بولىدۇ» دەيدىغان ئەقىدىلەر بار، شۇڭا ئاشلىقنى قەدىرلەش كۈچلۈك تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

ھال- كۈنىمىز خېلىلا ياخشىلىنىپ، جەمئىيەت تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بىر قىسىم ساۋاقداشلاردا يېمەك- ئىچمەك ئىسراپچىلىقى مەۋجۇت. تاماق تاللايدۇ، مۇنداقراق تاماقلارنى ياراتمايدۇ. يېمەك- ئىچمەك جەريانىدا يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئەدەپ- قائىدىلەرگە رىئايە قىلمايدۇ، ھەتتا ئۇنى بىلمەيدۇ. تېخى، قولنى يۇماي ئۇدۇل كەلگەنلا ئەھۋالدا، سورۇندا يېمەك- ئىچمەككە قول ئۇزارتىدىغان بەتقىلىقلارمۇ ھەم بار. مېنىڭچە، يېمەك- ئىچمەك ئەخلاقىغا ھەر بىر ئادەم ئالاھىدە دىققەت بىلەن قارىشى لازىمدۇر، بالام!

### ئەمگەكنى سۆيۈش ھەققىدە

بالام، ئەمگەك ئەڭ شەرەپلىك. ئادەم ئەمگەك بىلەن كۆكىرىدۇ، گۈللەپ ياشنايدۇ. ئەمگەكسىز ئىنسانىيەت تارىخىمۇ بولغان ئەمەس. پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى ئېنگېلس: «ئەمگەك ھەرقانداق بايلىقنىڭ مەنبەسى. ئۇ پۈتۈن ئادەمزات تىرىكلىكى ئۈچۈن بىرىنچى ئاساسىي شەرتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مەلۇم مەنىدە: ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئەمگەك ياراتقان، دەپ ئېيتىشىمىز كېرەك» دېسە، پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ يازغۇچىسى ماكسىم گوركىي: «بىز ياشىغان دۇنيا سۆز بىلەن ئەمەس، بەلكى پائالىيەت، ئەمگەك بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن» دەيدۇ. ئەمگەكنىڭ بۈيۈك رولى ھەققىدە قەدىمكى رىم مۇتەپەككۇرى سېنىكا: «ئۇلۇغ ئادەملەرنى ئەمگەك يېتىشتۈرىدۇ» دېسە، رۇس يازغۇچىسى لېف. تولستوي: «ئادەمنى ھېچنەرسە ئەمگەكتەك يۈكسەكلىككە كۆتۈرەلمەيدۇ، ئادەم ئەمگەكسىز ئۆز ئىنسانىي قەدىر- قىممىتىنى ساقلىيالمايدۇ»، دەيدۇ. پۈبلىلىي سىر بولسا: «شان- شەرەپكە ئېلىپ بارىدىغان يول ئەمگەكتە»، دەپ ئېيتىدۇ. دېمەك، ئەمگەك ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ، كۈچلۈك- ئاجىزلىقىنىڭ، غالىبىيەت ۋە مەغلۇبىيىتىنىڭ كاپالىتى. شۇڭا ئەمگەككە قاتنىشىشنىڭ، ئىجاد- مېھنەت قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ھەققىدە «دۇنيا ھېكايىچىلىقىنىڭ بوۋىسى» دەپ ئاتالغان چېخوف: «ئىنسان كەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەمگەك قىلىشى، تەرگە چۆمۈلۈپ ئىشلىشى كېرەك. ئۇنىڭ ياشاش مەقسىتى، بەخت ۋە ھاياجانلىرىمۇ ئەنە شۇ ئەمگەككە مۇجەسسەملەشكەن» دېسە، فرانسىيەلىك ۋولتېر: «ياشاش — ئىشلەش دېمەكتۇر. ئەمگەك ئادەمنىڭ ھاياتى»، دەيدۇ. «ئوقۇغۇچىنى ئەمگەك قىلىشقا ئۆگەت، ئۇنى ئەمگەكنى ھەقىقىي سۆيۈشكە، ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىشقا شۇنداق ئۆگەتكىنكى، ئەمگەك ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئەبەدىي سىڭىپ كەتسۇن. ئۇنى شۇنىڭغا ئۆ-

MIRAS

گەتكىنكى، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆز كۆچى بىلەن بىرەر نەرسە-نى بىلىۋالالماسلىق ئەقلگە سىغمايدىغان ھالەت ھېسابلان-سۇن» دەيدۇ، يەنە ئا. دېستېرۋېگ خەلقىمىزدە: «ئەمگەك بىلەن ئەر كۆكرەر، يامغۇر بىلەن يەر»، «ئەمگەكنىڭ نېنى تاتلىق، ھورۇننىڭ جېنى تاتلىق»، «ئەمگەك قىلساڭ ئاتقىڭ چىقار، ئەمگەك قىلمىساڭ چاتا-قىڭ چىقار» دېگەندەك ئەقلىيە گەپلەر كۆپ تەكتلىنىدۇ.

بالام، جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ، تۇرمۇش پاراۋان-لاشقانسېرى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ھۇزۇر-ھالاۋەت قوغلىشىپ، تەييارغا ھەييار، ھورۇن، تېرىكتاپ، ئاقانچە-لاردىن بولغىلى تۇردى. ئەجىر-مېھنەت قىلىشتىن، تەر ئاققۇزۇشتىن، جاپا تارتىشتىن، قىسقىسى ئەمگەك قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، ئىرادىسىزلىك، بىلى بوشلۇق قىلىدۇ. ئاتا-ئانىسىغا، ئەتراپىدىكىلەرگە ھە دېسىلا تايىنىۋېلىشقا ئامراق. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئەمگەك ئادەمنىڭ روھىنى تاۋلايدۇ، ئىرادە يېتىلدۈرىدۇ، تەننى چېنىقتۇرى-دۇ، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كۈچلۈك قىلىدۇ، «ئۇچمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەيدىغان خىيالپەرەسلىك-كە ئوت ئاچىدۇ، ئادەمدە ئەجىر-مېھنەت ۋە ئىجاد-كەش-پىيات ئەقىدىسىنى يېتىلدۈرىدۇ. شۇڭا تۇرلۇك جىسمانىي ۋە ئەقلىي ئەمگەكلەرگە قاتنىشىش ئىنتايىن پايدىلىق ھەم زۆرۈرىيەتتۇر!

**كىتاب ــــ مۇۋەپپەقىيەت پەلەمپىيى**

قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە، جۇڭگودىن تارتىپ چەت ئەللەرگىچە كىتاب ۋە كىتاب ئوقۇشنىڭ خاسىيتى ھەققىدە تۈرلۈك ئىلھامبەخش پىكىرلەر ئۈزۈلمەي داۋاملى-شىپ كەلدى. ئىشقىلىپ دۇنيادا كىتاب ئوقۇپ زىيان تارتقان بىرمۇ ئادەم يوق، شۇنىڭدەك كىتاب ئوقۇماي ئالىم بولغان ئادەممۇ يوق. دانىشمەنلەر ئېيتىدۇ: «كىتاب ــــ ئالىملار پىكرىنىڭ پاناھگاھى، دانا كىشىلەر بوستانىنىڭ چىمەنى، ئاددىي كىشىلەرنىڭ تاماشاخانىسىدۇر. ئۇ يالغۇز كىشىلەرگە دىل ئاچقۇچى باغ، كۆڭلى زېرىككەنلەرگە رەھنامادۇر، دەردلىك كىشىلەر دىلىغا داۋادۇر» (مۇھەممەد جە-بۇلدۇدى)، «كىتاب ــــ زامانىمىزدىكى ھەقىقىي ئالىي مەك-تەپتۇر» (توماس كاربلى)، «كىتاب ــــ ھەرقانداق بىلىم-نىڭ جېنى ۋە يۈرىكى، ھەرقانداق پەننىڭ ئېپتداسى» (س. تسۋېيگ)، تاجىك مۇتەپەككۇرى ئابدۇراخمان جا-مىيمۇ كىتاب ھەققىدە شۇنداق مىسرالارنى توقۇيدۇ:

كىتابتىن ياخشىراق دوست يوق جاھاندا،
غەمخورۇڭ بولغاي ئۇ غەملىك زاماندا.
ئۇ بىلەن قال تەنھا ئۇ ھېچ بەرمەس ئازار،
جېنىڭغا يۈز راھەت بەرگۈسى تەكرار.

شۇنداق، كىتاب ــــ مۇۋەپپەقىيەت پەلەمپىيى. ئەنگ-لىيەلىك مۇتەپەككۇر فرانسىس بېكون ئېيتقاندەك: «كىتاب ئوقۇش كىشىگە خۇشاللىق بېغىشلايدۇ، كىشىنى نۇرلاندۇ-رىدۇ، كىشىگە قابىلىيەت ئاتا قىلىدۇ.» پاراسەتلىك ئەج-دادلىرىمىز ئەزەلدىن كىتاب ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە مەخسۇس كىتاب-لارنى كۆچۈرىدىغان خەتتاتلار بولغان، قاراخانىلار دەۋ-رىدە، سەئىدىيە سۇلتانلىقى مەزگىللىرىدە ئوردا كۇتۇپخا-نىلىرى جانلانغان، خەلق كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا كەنجى ئويغىنىش دەۋ-رىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئاسترونوم، ئالىم، پادىشاھ مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۆز زامانىسىدا خانلىق كۇتۇپخانا سالدۇرۇپ، ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن كىتاب ئوقۇش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغان، ھەتتا ئۆزى ئۆلۈم گىردابىدا تۇرغان ئەھ-ۋالدىمۇ ئۆزىنىڭ ھاياتى بىلەن ھېسابلاشماي ئەكسىچە خانلىق كۇتۇپخانىدىكى كىتابلارنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە





قاتتىق باش قاتۇرغان. ئېلېكتىر چىراغ بولمىغان، تۇرمۇش بۇگۈنكىدەك تۈرلۈك قولايلىقلارغا تولمىغان ئاشۇ چاغلاردىمۇ خەلقىمىزدىن يېتىشىپ چىققان ئالىملار، مۇتەپەككۇر، يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ھەممىسى كىتاب ئوقۇش مەستانىلىرىدىن ئىدى.

ھالبۇكى، زامان تەرەققىي قىلغان بۇگۈنكى كۈندە كىتاب ئوقۇشقا بولغان تۈرلۈك ئىمكانىيەت ۋە تەلەپلەر ھەسسىلەپ ئېشىپ بېرىۋاتسىمۇ بىر قىسىم ساۋاقداشلارنىڭ كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى ئانچە ئەمەس. ئارىمىزدا بىر مەۋسۇمدا ياكى ھەربىر تەتىلدە بىرەر كىتاب ئوقۇپ چىقمايدىغان بالىلارمۇ يوق ئەمەس. گەرچە بالىلارنىڭ دەرس يۈكى ئېغىر دېگەندىمۇ، ھەر ھالدا قوشۇمچە گېزىت-ژۇرنال، كىتابلارنى ئوقۇغۇدەك ۋاقتى ھەم زۆرۈرىيىتى بار. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار كىتاب ئوقۇمىغاننى ئاز دەپ كىتابنى قەدىرلىمەيدۇ، ئاسرىمايدۇ، يىرتىپ، پىرقىرىتىپ تاشلايدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ دەرسلىك كىتابىنىمۇ تۈزۈك ئوقۇمايدۇ. قىسمەنلىرىمىزنىڭ دەم ئېلىش كۈنلىرى، تەتىللەردە كىتابخانىلارغا بارىدىغانلىقىدىن ئېغىز ئېچىش تەس.

بالام، بىز تەرەققىي قىلىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشىمىز لازىم. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىمۇ ئومۇمىي خەلقنىڭ كىتاب ئوقۇش ھەرىكىتىنى قوزغاش، قىزغىنلىقنى ئاشۇرۇش ھەققىدە تەشەببۇسنامىلەرنى چىقىرىۋاتىدۇ. دۇنيادا تەرەققىي قىلغان ئەللەر ئەڭ ئالدى بىلەن خەلقى كىتاب ئوقۇشقا ھېرىسمەن، شۇنداقلا كىتاب ئوقۇش نىسبىتى يۇقىرى دۆلەتلەردۇر. شۇنىسى ئېنىقكى، «تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىدە ھەرقايسى خەلقنىڭ ئورنى شۇ خەلق ئوقۇۋاتقان كىتابلارنىڭ سانى بىلەن بەلگىلىنىدۇ» (ئى. لابولې). شۇڭا بىز ئومۇمىي خەلق سەپەرۋەرلىككە كېلىپ كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىغا ئىگە بولۇشىمىز، كىتابنى سۆيۈشىمىز، لازىملىق، پايدىلىق كىتابلارنى تاللاپ تۇرۇپ جىددىي ئوقۇپ چىقىشىمىز كېرەك. بۇنىڭدا ساۋاقداشلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ناھايىتى ئېغىر.

**دوستلۇق ھەققىدە**

دۇنيادا دوستسىز ياشايدىغان بىرمۇ ئادەم بولمىسا كېرەك. ئەقىللىق، ياخشى دوست ئادەمنىڭ قانىتى. تۈگۈنلەر، مۇشكۇللەر، دوقاللار دوستلۇق مەسلىھەتى بىلەن يېشىلىدۇ، ھەل بولىدۇ. شۇڭا 11-ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن پادىشاھ، ئالىم، پەيلاسوپ شەمسۇلمائالى قابۇس «قابۇسنامە» ناملىق ئەسىرىدە شۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەي ئوغۇل، ئەقىل ئىگىلىرى ئۆزىگە دوست تېپىشقا تىرىشىدۇ، ھەر خىل ئادەملەر بىلەن دوست بولۇشتىن قاچمايدۇ. دوستسىزلىقتىن قېرىنداشسىزلىق ياخشىراق. كىشىنىڭ دوستلىرى كۆپ بولسا ئەيىبلىرى يېپىلىدۇ، ياخشىلىقلىرى ئاشكارا بولىدۇ، ياخشى دوست ئۇلۇغ خەزىنىدۇر.» شۇڭا مەكتەپلەردە ساۋاقداشلار ئارا دوستلۇق ئورنىتىشنى تەشەببۇس قىلىشنىڭ زىيىنى يوق. چۈنكى، دوستلۇق ساۋاقداشلار ئارا ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىدۇ، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشتا ئۆزئارا ياردەمنى يۇرۇشتۇرىدۇ. بۇ بىر پۈتۈن سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ تەكشى ئالغا بېسىشىغا، نەتىجە ۋە شان-شەرەپلەرنى قوچۇشىغا باغلىق.

ئەمما، ساۋاقداشلارنىڭ دوست تۇتۇشتىكى مەقسىتى، ئۆلچىمى ئوخشاش بولمىغاچقا ئوخشاش بولمىغان دوستلۇق قىسمەتلىرىگە ئۇچرايدۇ. بەزىلەر باشقىلاردىن پايدىلىنىش ھېسابىدىلا دوست تۇتىدۇ. بەزىلەر دوستلۇقنى ئويۇن قاتارىدا كۆرىدۇ. يەنە بەزىلەر دوستلۇقنى قەدىرلەپ، ئۆزئارا ياردەمدە بولىدۇ. شەمسۇلمائالى قابۇس دوستلۇقنىڭ ئۆلچىمى ھەققىدە شۇنداق دەپ كۆرسەتمە بېرىدۇ: «سەن بىلەن شەكىلدە دوستتەك يۈرۈپ يېرىم دوستلۇق قىلسا، مۇنداق دوستلارغا ئىچكى سىرىڭنى ئېيتما. دوستۇڭغا دۈشمەن بولغان دوستۇڭدىن ئالاھىدە

ئېھتىيات قىل. دانالار ئېيتقان: ‹ئەقىلسىز دوستتىن ئەقىللىق دۈشمەن ياخشى›. بىلىمسىز، ھۈنەرسىز كىشىلەرنى دوست تۇتما. دوستلىرىڭنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپ ئۇنىڭدىن بىپەرۋا بولما. راھەت-پاراغەت ۋە مېھنەت، يوقسۇزلۇق ۋاقىتلىرىدا دوستلۇقنى بۇزمىغان دوست چىن دوستتۇر. ھەر قاچان ئۆز دەرىجە، ئۆز مەرتىۋەڭدىكى ئادەملەر بىلەن دوستلۇقتا ئۆتكىن. دوستلۇقتا رىئايە قىل، دوستلىرىڭغا نىسبەتەن كۆڭلۈڭنى سەممىي تۇت. ئاداۋەت تۇتىدىغان، ھەسەتخور، كۆڭلى تار، بىراۋنىڭ ياخشى كۈنىگە چىدىمايدىغان ئادەم بىلەن دوست بولما».

## ياخشىلىق ئۇنتۇلماس

بالام، ئىنسان ئۈچۈن بۇ دۇنيادا چوقۇم ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم پەرھىز ھەم پەزىلەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇ بولسىمۇ قولىدىن كېلىشىچە باشقىلارغا ياردەم قىلىش، يەنى ياخشىلىق قىلىش. ياخشىلىق ئىككى دۇنيالىق ئۇلۇغ سائادەت بولۇپ، ئۇ ئىگىسىنىمۇ، ئوبيېكتىنىمۇ ئوخشاشلا رازى قىلىدۇ، مەمنۇنىيەت ئىلكىدە خۇشاللىق تۇيغۇسىغا چۆمدۈرىدۇ. مۇتەپەككۇر بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياخشىلىق ھەققىدە: «ياخشىلىق ئېسىل نەرسىدۇر، ئېسىل نەرسىنى ئېسىل كىشىلەر دائىم خالايدۇ، قايسى نەرسە ئېسىل، نادىر ۋە قەدىرلىك بولسا، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بارچە كىشىگە ئېغىر چۈشىدۇ. قانداق نەرسە قەدىرسىز بولسا يەردە ياتىدۇ، تاۋاردۇردۇن قىممەتلىك بولغاچقا تۆردە تۇرىدۇ. تىرىشىپ ياخشىلىق قىلغىن، ياخشى نام ئىزدە، ياخشى نامىڭ بىلەن مەڭگۈ تىرىك قال» دېسە، مەشھۇر ئالىم ئەبۇ نەسىر فارابى: «بەختكە ئېرىشىشكە مەنپەئەتلىك بولغان ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشتۈرگەن نەرسىنىڭ ھەممىسى ياخشىلىق، بەختكە مەلۇم دەرىجىدە بولسىمۇ توسقۇن بولىدىغان نەرسىنىڭ ھەممىسى مۇتلەق يامانلىقتۇر» دەيدۇ. ياخشىلىقنىڭ خاسىيىتى ھەققىدە كىلاسسىكىمىز مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشىگە ياخشىلىق ياكى يامانلىق قىلساڭ، ئۇنىڭ ئەجرىنى مۇشۇ دۇنيادا كۆرىسەن، چۈنكى قىلغان ياخشىلىقىڭدىن ئۇ كىشى قانچە خۇشال بولغان بولسا، سېنىڭ كۆڭلۈڭدىمۇ شۇنچە خۇشلۇق، راھەت سەزگۈسى بولىدۇ. بىر كىشىگە يامانلىق قىلساڭ، يالغۇز ئۇ كىشىدىلا ئەمەس، بەلكى سېنىڭ كۆڭلۈڭدىمۇ بىئاراملىق، غەشلىك پەيدا بولىدۇ، ئۆزۈڭ خۇشال بولماي تۇرۇپ، كىشىنى خۇشال قىلالمايسەن، ئۆزۈڭ رەنجىمەي تۇرۇپ، كىشىنى رەنجىتەلمەيسەن، قولۇڭدىن كەلسىلا باشقىلارغا ياخشىلىق قىل، تىلى باشقا، دىلى باشقا بولمىغىن.» دېمەك، ياخشىلىق قىلماقنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە ئەجدادلاردىن تۈرلۈك نەسىھەت، دەۋەتلەر كۆپلەپ ئۇچرايدۇ.

## ھەسەت بىر خىل راك

ئىنساندا بىر خىل كېسەللىك بار، ئۇنى دوختۇرلار داۋالىيالمايدۇ، ئېسىل، قىممەتلىك دورا-دەرمەكلەرمۇ شىپا بەخش بولالمايدۇ، بەلكى ئۇنى شۇ ئىنساننىڭ ئۆزى بىر تەرەپ قىلالايدۇ. ئۇ شۇنداق ۋەھشىي كېسەلكى، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئوخشاشلا «ئىس-تۈتەكسىز بومبا» دەك كاردىن چىقىرىپ تاشلايدۇ. شۇڭا ئۇنى ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى قاباھەتلىك كېسەل راكقا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. رېئاللىقتىكى راكنىڭ ھازىرغىچە شىپاسى تېپىلمىدى، ئەمما ماۋۇ «راك»نىڭ شىپالىق كۇشەندىسى بار، ئۇنىڭ رېتسېپى ئادەمنىڭ قەلبىدە. خوش، ئۇنداقتا بۇ كېسەلنىڭ نېمىلىكىنى بىلدىڭمۇ بالام؟ ئاگاھلاندۇرالمىغان بولساڭ مەن ساڭا ئېيتىپ بېرەي: ئۇنىڭ نامى ھەسەت، ھەسەتخورلۇق. بۇ كېسەل ھەققىدە تارىخىي خاتىرىلەردە پۈتۈكلەر پۈتۈلگەن، يازمىلاردا تەلقىنلەر (مۇھاكىمە-مۇلاھىزە) بولۇنغان. مىسالغا قاراپ باقايلى: چاغاتاي ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ گۈلتاجى ھېسابلىنىدىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائى: «ھەسەتخورلۇق بىماردۇر، بەلكى ئۇ ساقايماس كېسەلگە گىرىپتاردۇر» دېسە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «ھەسەتخورلۇق بىر كېسەلدۇركى، ئۇنى داۋالاشقا ئۇزاق ۋاقىت كېتىدۇ، ئۇ ئادەمنى يەيدۇ، ۋۇجۇدۇڭنى قۇرۇتىدۇ» دەيدۇ. موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى: «ھەسەت بىر كىشىنىڭ راھىتى ئۈچۈن يەنە بىر كىشىنى ئازابقا سالىدۇ، ھەر سائەتتە مىڭ غەم-غۇسسىنىڭ زەھرىنى كىشىگە ئوتلاتتۇرىدۇ، بىرەر ئادەم راھەت قەدىمىنى يەرگە قويسا، ھەسەتخور ھەسەت قولى بىلەن بېشىغا كاچاتلايدۇ» دېسە، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى: «كىمكى خەلق ئارىسىدا غەيۋەتخورلۇق قىلىدىكەن، ئۇنداقلار دىۋە بىلەن شەيتانغا سىرداشتۇر، كىمكى خەلق ئارىسىدا گەپ توشۇغۇچى، سۇخەنچى بولسا، شۈبھىسىزكى، ئۇ ئىبلىستۇر. غەيۋەتخور كىشى ئۆزىمۇ ئامانلىق تاپالمايدۇ.» قىسقىسى، ھەسەت، ھەسەتخورلۇق رەزىللىكتىن ئوخچىغان گۇناھتۇر.

شۇڭا، بالام ھەسەتتىن يىراق بول، ھەسەتخورلاردىن ھەزەر ئەيلە!

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەرلىك 46 - ئوتتۇرا مەكتەپتە)



# ئۆزلۈككە قايتىش

**مۇھەممەد كامال خۇشخۇي**

(«ئۆزلۈك ۋە كىملىك»نى ئوقۇغاندىن كېيىن)

«كىتاب ئوقۇش ئۇچۇن مۇنداق بىر شەرت ھازىرلىنىشى كېرەك. يەنى ئادەم ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتە تۇتۇۋاتقان ئورنىغا، مەۋجۇت ھالىغا نىسبەتەن قانائەتلەنمەسلىك تۇيغۇسىدا بولغاندا ياكى قانداقتۇر ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىن ئەنسىرەپ تۇرغاندا، بىر نەرسىدىن كىرىزىس ھېس قىلىپ، تۇرمۇشنىڭ مەۋجۇت ھالىتىنى ئۆزگەرتىش نىيىتىگە كەلگەندە، جەمئىيەت ھەققىدە نۇرغۇن سوئاللارغا ئىگە بولغان بولسىمۇ شۇ سوئاللارغا جاۋاب تاپالمىغاندا، ئاندىن ئۇنىڭدا تەبىئىي ھالدا كىتاب ئوقۇش ئىستىكى تۇغۇلۇشى مۇمكىن» ①.

مېنىڭ قەلبىمدە ئۇزاقتىن بۇيان بىر خىل ئۆز-ئۆزۈمدىن قانائەتلەنمەسلىك، سۇدەك ئېقىپ كېتىۋاتقان ۋاقىتمىغا ئېچىنىش، نېمە قىلىش، قانداق ياشاش توغرىسىدىكى ئىزتىراپلارغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تاپالماسلىق، يېقىندىن بىرەر ئىش باشلاشقا قارىتا «يېشىم بىر يەرگە باردى، ئەمدى مۇمكىن بولمايدۇ» دېگەندەك ئىسەنكىرەش تۇيەيلىدىن، ئېڭىمدا بۇرۇقتۇرمىلىق ھۆكۈم سۈرۈپ، نۇرغۇن-نۇرغۇن سوئاللار توختىماي پىتراپ ئارامىمنى بۇزۇپ تۇراتتى. ئۆزۈم ھەققىدە، ماڭا تىنچلىق بەرمەيۋاتقان سوئاللار ھەققىدە قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشەلمەي قاتتىق تەخىرسىزلىنىۋاتاتتىم. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئويلىمىغان يەردىن دوكتور ئەسەت سۇلايمان ئەپەندىنىڭ شۇبىتسىيەدە بىر يىللىق ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا كۆرگەن، بىلگەن ۋە ھېس قىلغانلىرى، شۇنداقلا شۋېتسىيەلىك ۋە ياۋروپالىق ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا دىيارىمىزدا

ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش پائالىيىتى داۋامىدا، رايونىمىزدىن ئەپچىقىپ كەتكەن تۈرلۈك مەزمۇندىكى باسما ماتېرىياللار، قولىيازمىلار، فوتو سۈرەتلەر، ۋەسىقىلەر قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇزاق ۋاقىت ئويلىنىش ئارقىلىق يېزىپ چىققان «ئۆزلۈك ۋە كىملىك» ناملىق ئىلمىي ئەسەرلەر توپلىمى بىلەن دىدارى مۇلاقەت بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم- دە، تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈسىز تۇيغۇ بىلەن ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقتىم. كىتاب ئاخىرلاشقاندىن كېيىن زامانلاردىن بېرى قەلبىمنى قاماللىۋالغان بۇرۇقتۇرمىلىققا خاتىمە بېرىلىپ ئۆزىمىز، جۈملىدىن مەن ئۆزۈم ھەققىدە چوڭقۇر ئوي- خىياللارغا چۆمدۈم.

بۇ كىتابتىكى مەزمۇنلارنىڭ ماڭا تەسىر قىلغان ئەڭ گەۋدىلىك تەرەپلىرىنى يۈزەكىي ھېسسىياتىم بويىچە تۆۋەندىكىچە يەكۈنلەپ چىقتىم.

**1. شۋېتسىيە خەلقىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئاتا- ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى شەپقەتسىزلىك**

ئەسەت سۇلايماننىڭ مەزكۇر كىتابىدا قەيت قىلىشىچە شۋېتسىيە خەلقى ئىنتايىن ئالدىراش خىزمەت، جىددىي تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىدە ياشايدىغان بولۇپ، بىزدىكى بىر قىسىم بىكار تەلەپ ئادەملەردەك كۈنبويى تاش سوقۇشتۇرۇپ، ئىت تالاشتۇرۇپ، ئەتىدىن كەچكىچە 52 تال قەغەزنى يەرگە ئۇرۇپ، تېخىمۇ ناچارراقلىرى تۈرلۈك «خانا»لاردا ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا مەلىكە بولۇپ يۈرىدىغان، يازدا سېرىق سۆگەتنىڭ سايىسىدە، قىشتا قەيەردە ئاپتاپ چۈشسە بۇرنىنى قاقلاپ ئولتۇرىدىغان ھۇرۇنلارنىڭ يوقلۇقى، كىچىكتىن چوڭىغىچە، ئەردىن ئايالغىچە ئىلىم- پەن ۋە تىل ئۆگىنىپ ھاياتىنى، ۋاقتىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشىنىڭ، ھېچ بولمىغاندا بىرەر ئوقەتنىڭ كەينىدىن چېپىپ ئۇ ئارقىلىق تۇرمۇشنى باياشات، بەختلىك، خاتىرجەم قىلىشنىڭ پېيىدە يۈرىدىغانلىقى، ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ ئۆزىگە ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدىغان تىپلار ئىكەنلىكى قەلبىمنى لەرزىگە سېلىپ، چوڭقۇر ئويلارغا پاتقۇزدى.

بىزمۇ ئاشۇلارغا ئوخشاش ئادەم تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا بېرىۋاتقان نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ۋاقتىمىزنى قەدىرلىمەيمىز؟ چىڭ تۇتمايمىز؟ بىزمۇ ئاشۇلارنىڭ يېرىمىچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسەك تەقدىرىمىز، تۇرمۇشىمىز ھەرگىزمۇ ھازىرقىدەك بولماس ئىدى، دېگەنگە ئوخشاش ئاچچىق خىياللارنى سۈرۈپ چىقتىم ۋە ھازىردىن باشلاپ بولسىمۇ ئۆزۈم ھەم پەرزەنتلىرىمگە بولغان تەلەپنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ ئىشنى ئۆزۈمدىن باشلاش قارارىغا كەلدىم. چۈنكى ھەر بىر ئادەم بىرەر ئەھمىيەتلىك ئىشنى داۋاملاشتۇرۇشنى، ياكى بىرەر ناچار قىلىق، ئوسال ئادەتلەرنى تۈگىتىشنى، يوق قىلىشنى ئالدى بىلەن ئۆزىدىن باشلىماي تۇرۇپ، شۇنداق ئىش- ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغانلاردىن سۆيۈنۈش ياكى نەپرەتلىنىش بىلەن ئۆتۈپ كەتكەندە، ئاشۇ ئەھمىيەتلىك ئىشنىڭمۇ ھەۋەسلەنگۈچىگە قارىتا ھېچقانچە مەنپەئەتى بولمايدىغانلىقى، ناچار قىلىق، ئادەتلەرگە ياغدۇرغان نەپرەتمۇ ئۈنۈمىنى كۆرسەتمەيدىغانلىقى ھەممىگە ئايان.

بىراق، بىر ئەھمىيەتلىك ئىشنىڭ يەنە بىر ئەھمىيەتسىز تەرىپى بولىدۇ دېگەندەك، گەرچە شۋېتلار شۇنچە ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ياشاپ، تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئىلىم- پەن ئۆگەنگەنلىكى، توم- توم كىتابلارنى يېزىپ تارىخ قالدۇرغانلىقى، ھاياتىدىن ئىز قالدۇرغانلىقى، يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشكەنلىكى، تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىپ، مال- دۇنيا توپلاپ تۇرمۇشنى باياشات ئۆتكۈزۈشكە تىرىشقىنى بىلەن، باللار ئۆزلىرى ئۈچۈن دۇنيادا ئەڭ مۇقەددەس بولغان ئاتا- ئانىلىرى بىلەن كارى بولماسلىقى، قېرىغان ئاتا- ئانىلارنىڭ ساناتورىيەلەرگە تاشلاپ قويۇلۇشى ياكى ئۆز ئۆيلىرىدە غېرىبسىنغان ھالدا ئەتىدىن كەچكىچە دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ خۇددى مۇردىدەك بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇرۇشى، ئۇلارنىڭ يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيگۈزۈپ ئارزۇ- ئارمانلاپ بېقىپ چوڭ قىلغان پەرزەنتلىرىنىڭ ئاي- ئايلاپ ئۇلارنى يوقلاپ قويماسلىقى... كۆڭۈل ئەينەكلىرىمنى چېقىپ پارە- پارە قىلىۋەتتى. شۋېت باللىرىنىڭ بۇنداق بىپەرۋا چوڭ بولۇشىغا بەلكىم ئاشۇ ئاتا- ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى كىچىكىدىن باشلاپ مۇستەقىل ياشاش مۇھىتىدا بېقىپ چوڭ قىلغانلىقى سەۋەب بولغاندۇ، لېكىن مېھىر- مۇھەببەتسىز ئادەمنىڭ مۇردىدىن نېمە پەرقى دېگەندەك، ھەر نېمە دېگەن بىلەن ئۇلار ئاتا- ئانا ئەمەسمۇ؟! ئاشۇ ئاتا- ئانىلىرىنى يوقلىمىغان، ئۇلار ئۈچۈن مېھىر- مۇھەببىتىنى بەرمىگەن پەرزەنتلەرمۇ ھامان بىر كۈنى ئاتا ھەم ئانا بولماي قالارمۇ؟!

**2. شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ قەشقەردىكى پائالىيىتى ۋە ئۇيغۇرلار**

گەرچە شۋېت مىسسىيونېرلىرى 1890- يىللىرىدىلا

2010.4



يۈكسەك ئـارزۇ ـ ئـارمانلارنى دىلىغا پۈكۈپ، پىلانلىق، مەقسەتلىك هالدا نۇرغۇنلىغان ئىقتىساد ۋە ئـادەم كۈچى تـەشكىللەپ، ئـىنتايىن ئـۇزۇن ۋە جـاپالىق مـۇساپىلەرنى بېسىپ كېلىپ قەشقەر، يـەكەن، يېڭىسارلاردا خىرىستىيان دىنى مەركەزلىرىنى قۇرۇپ، ئـۇيغۇر خـەلقىنىڭ ئېتىقادىغا «مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى» يۈرگۈزۈش ئـۈچۈن ئـاجا ـ يىپ زور قۇربانلارنى بەرگەن بولسىمۇ، ئاز ساندىكى بىر قىسىم ساددا، نادان، مـەۋقەسىز كىشىلىرىمىزنى ئـۆزلىرى قويغان غەپلەت «قاپقان»لىرىغا دەسسەتكەندىن باشقا، ئا ـ لاھىدە تىلغا ئالغۇدەك مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغانلىقى، بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تـارىختىن بـۇيانقى ئېتىقادىنىڭ مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بـەرسە، يـەنە بـىر تەرەپتىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنتايىن چىداملىق، غەيرەتلىك، سەۋر ـ تاقەتلىك خەلق ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغان.

شۋېت مىسسىيونېرلىرى ئاشۇ دەۋردە جاهالەت، نـام ـ راتلىق، ئىلىمسىزلىك ئاسارىتىدە قالغان ئۇيغۇر خەلقىنى خـى ـ رىستىيان دىنىغا كىرگۈزۈش ئـۈچۈن سـانسىزلىغان ئـىقتىساد سەرپ قىلىپ، باسما زاۋۇتلىرىنى قۇرۇپ «ئىنجىل يـوھەننا» نۇسخىسىدىن ئۇيغۇرچە تـەرجىمە ۋە پـارچىلارنى، شۇنداقلا خىرىستىيان دىنىغا ئائىت بولغان كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنـاللار ـ نى بېسىپ تارقىتىپ خىرىستىيان دىنى تەشۋىقاتى ئېلىپ بارسا، يـەنە بـىر تـەرەپتىن دوختۇرخانا تـەسىس قـىلىش، مـەكتـەپ ئېچىش قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللانغان.

شـۋېت مـىسسىيونېرلىرىنىڭ يـېرىم ئـەسىر پـايپېتەك بولۇپ قەشقەر، يەكەن، يېڭىسارلاردا يـۈرگۈزگەن ئـېتىقاد ئىستېلاچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئۇلار ئارزۇ قىلغاندەك نەتىجە ـ لەرگە ئېرىشەلمەسلىكىنى بـىر تـەرەپتىن ئـۇيغۇر خـەلقىنىڭ ئەقىللىق، زېرەك، ئاق بىلەن قارىنى پەرق ئـېتىش سـەز ـ گۈرلۈكىنىڭ سەرخىللىقىدىن كۆرسەك، يەنە بـىر تـەرەپتىن ئاشۇ زاماندىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مـۇنەۋۋەر، يـېتۈك نامايەندىلىرىدىن بولغان تەجەللى (1856 ـ 1925)، ئابدۇ ـ قادىر داموللام (1862 ـ 1924)، قۇتلۇق هـاجى شەۋقـىي (1876 ـ 1937)، جېلىلى (1896 ـ 1937)غا ئوخشاش ئىس ـ تېداتلىق شائىر، مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ خەلق قـەلبىنىڭ مايىللىقىنى كونترول قىلىشتا بـەلگىلىك رول ئـوينىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلالمايمىز.

**3. شۋېت مـىسسىيونېرلىرى ۋە ئـۇيغۇر مـەدەنى ـ يەت يادىكارلىقلىرى**

شۋېت مىسسىيونېرلىرى بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر خەلقى ـ نىڭ قەلب ئۆيلىرىگە هۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئېتىقاد ئەگ ـ گـۈشتەرىگە سوغۇق قـول سوزسا يـەنە بــىر تـەرەپتىن، ئۇيغۇر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەئەللۇقاتىغا تەخىرسىز ـ لىك بىلەن هۇجۇم باشلاپ، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك يـادى ـ كارلىقلىرىمىزنى ئەپچىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىز تېخى ها ـ زىرغىچە ئۇ بايلىقلىرىمىزنىڭ قانچىلىك قىممەتكە ئىگە ئـە ـ كەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمەستىن سۈت ئۇيقۇدىكى بوۋاقتەك

يۈرگەن ئىكەنمىز. ناۋادا تەتقىقاتچى ئەسەت سۇلايمان شۇنداق بىر زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن شۋېتسىيەگە چىقىشقا مۇيەسسەر بولمىغان بولسا، ياكى بارلىقىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتىغا بېغىشلىمىغان بولسا، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز 19ـ ئەسىرلەردە ياراتقان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنىڭ شۋېت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئىلكىدە شۇنچىلىق ئۇزاق ۋاقىت بۇرۇقتۇرۇم ھالدا تۇرۇپ، نەچچىلىگەن شۋېتسىيەلىكنى ئالىملىق ماقامىغا يەتكۈزگەنلىكىدەك نۇرلۇق ئۇچۇردىن مەھرۇم قالار ئىكەنمىز.

**4. ياۋروپا ئەللىرىدە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋە ۋەتەندىكى بىز**

«— ئەسەت ئاكا، يۇرتىمىزدىن كەلگەن بىرەرى بىلەن ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ ئۆز تىلىمىزدا پاراڭلاشمىغىلى ئۇزاق ۋاقىتلار بوپتىكەن. بۈگۈن مەن ناھايىتى خۇشال!— دېدى ئۇ يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ، — مانا مەن ۋەتەندىن ئوقۇش ئارزۇسىنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ گېرمانىيەگە كەلگىلى ئۈچ يىل بولدى. بۇ جەرياندا ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان نەرسىلەرنى كۆردۈم، دۇنيانىڭ چوڭلۇقىنى ھېس قىلدىم. جاپانىمۇ يەتكۈچە تارتتىم. ھازىر ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ ئۆز كۈنۈمنى ئېلىپ ئوقۇشۇمنى داۋاملاشتۇرالايدىغان تەجرىبىگە، يات ئەلنىڭ تۇرمۇشىغا ماسلىشالايدىغان ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدۇم، قىسقىسى، پىشىلدىم، تاۋلاندىم، مەن شۇنىڭدىن خۇشال. ۋەتەندىكى چاغدا مەنمۇ باشقا نۇرغۇنلىغان بالىلارغا ئوخشاشلا ئاتا-ئانام ھەر ئايدا ئەۋەتىپ بېرىدىغان تۇرمۇش پۇلىغا تايىنىپ ئالىي مەكتەپنى خاتىرجەم پۈتكۈزگەن غەمسىز بالا ئىدىم. پۇلنىڭ قانداق جاپادا تېپىلىدىغانلىقى، ئاتا-ئانىلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش بېسىملىرىنى قانداق قىلىپ كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئانچە ئويلاپ كەتمەيتتىم.

بېرلىنغا كېلىپ، گېرمانىيەدىكى مۇستەقىل ھاياتىمنى باشلىغان ئاشۇ كۈندىن ئېتىبارەن پۈتۈنلەي ئۆزۈمگە تايىنىدىغانلىقىمنى، ئۆز ئارزۇلىرىم ئۈچۈن تىنىمسىز كۈرەش قىلىدىغانلىقىمنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتىم. ئاتا-ئانامنىڭ مىڭ تەستە يىغىپ بەرگەن پۇللىرى ياۋروپادىكى يۇقىرى ئىستېمال ۋە قىممەتچىلىك شارائىتىدا، شۇنچە تېجىسەممۇ ئاران بىر قانچە ئايغا دال بولدى...

ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئوقۇش ھەقسىز بولسىمۇ لېكىن ئۆي ئىجارىسىنىڭ قىممەتچىلىكى، تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ قىيىنلىقى مېنىڭ بېسىمىمنى كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. مېنىڭ ئالىدىغان ئوقۇش مۇكاپاتىم بولمىغاچقا ئىش تېپىپ ئىشلىشىمگە توغرا كەلدى... بىر كۈنلەرگە كېلىپ ئىجارە ھەققىنىمۇ تۆلىيەلمەي قالدىم. ئامالسىز تۈركلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندىكى بىر تۈرك مەسچىتىدە يېتىپ قوپۇشقا مەجبۇر بولدۇم...» ②.

ھازىر ياۋروپا ئەللىرىدە ئوقۇۋاتقان تەلئەت، ئۈمىد ۋە ۋارىسجانغا ئوخشاش يىگىتلىرىمىز، پەرىدە، ھاۋاخانغا ئوخشاش قىز-ئاياللىرىمىزنىڭ شۇنچىلىك مۇشەققەتلىك تۇرمۇش شارائىتى، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق، يالغۇزلۇق، يېتىمسىراش، غېرىبلىق، ۋەتەن سېغىنچى، ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقان مېھرىگە بولغان تەشنالىققا بەرداشلىق بېرىپ يات ئەللەردە تىرىشىپ ئوقۇۋاتقانلىقى، بېرىلىپ تىل ئۆگىنىۋاتقانلىقى، بىر مىنۇت ۋاقىتنى زايە قىلمايۋاتقانلىقى، ئەمما ۋەتەندىكى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملاردا بولسا ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك غەمسىز، مۇشەققەتسىز، باياشات تۇرمۇش ئىچىدە ئوقۇۋاتقان ئىستۇدېنتلىرىمىزنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىشنىڭ ئورنىغا ئويۇن-تاماشا، ئۇيقۇ-غەپلەت ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزۈپ تۆت-بەش يىل ۋاقىتنى ئاران-ئاراندا توشقۇزۇپ، قىزىل تاشلىق دىپلومغا ئىگە بولۇپ كېلىپ، ئۆزى ئىزدىنىپ بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتۇش ياكى ھۆكۈمەت ئالغان تۈرلۈك ئىمتىھانلاردىن ئۆز قابىلىيىتىگە تايىنىپ ئۆتۈپ بىرەر خىزمەت ئورنىغا ئېرىشىشتىن كۆرە، مىڭبىر مۇشەققەتتە بېقىپ چوڭ قىلغان، ناھايىتى زور غەيرەتتە ئىقتىساد جەملەپ ئوقۇتقان ئاتا-ئانىلارغا بېسىم ئىشلىتىپ: «سەن يول مېڭىپ مېنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويمىغاندىكەن ئوينىماي نېمىش قىلىمەن...» دەپ ۋارقىراشلىرى، ھۆرپىيىشلىرى، يېنىشلىرى، كۆز ئالايتىشلىرى كۆز ئالدىمدا روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ، كۆز بۇلاقلىرىمنى كۆۋەجىتىپ ۋۇجۇدۇمدىن ياش ئاققۇزماقتا.

مەن ئويلايمەن، ناۋادا بىزنىڭ ۋەتەندىكى ئىستۇدېنتلىرىمىزنىڭ 50%تى ئاشۇ ياۋروپا ئەللىرىدە مۇساپىرچىلىق ئازابىنى يېگىپ ئوقۇۋاتقان تەلئەت، ئۈمىد، ۋارىسجان، پەرىدە، ھاۋاخانغا ئوخشاش مۇشەققەت ئالدىدا بەل پۈكمەيدىغان، جاسارەتلىك، چىداملىق، تىرىشچان كىشىلەردىن بولغان بولسىدى، بىزنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا-ئانىلار ۋە بىزگە ئىللىق باغرىنى ئاچقان ۋەتەنگە يۈز كېلەلىگەن بولار ئىدۇق. بىراق ھازىر...

**5. بىزدىكى 50 ياشلىقلار ۋە شۋېتسىيەدىكى 50 ياشلىقلار**



بۇ سۈرەت بۇندىن بىر ئەسىر ئىلگىرى دىيارىمىزدا تارتىلغان

بىزدە ئىلىم ئۆگىنىشكە قارىتا شۇنداق بىر باھانە ـ سەۋەبلەر باركى، 30 ياشتىن ئىلگىرى مەن تېخى ياش، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆگەنسەممۇ ئۈلگۈرىمەن دەپ ئۆزىنى بەزلەش ياكى ئۆگىنىدىغاننى مەكتەپتە ئۆگىنىپ بولغان، ئەمدى بىر نەرسە ئۆگىنىشىمنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، ھازىرقى بىلىم ـ سەۋىيەم بىلەن باشقىلاردىن قالغۇچىلىكىم يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوبدان ئورۇندا خىزمىتىم بار، شۇنى ياخشى ئىشلىسەملا بولدى دەيدىغان قانائەت؛ 30 ياشتىن ئاشقاندا بولسا، خىزمىتىم ئالدىراش تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئۆيىنىڭ جاپاسى ماڭا قاراشلىق تۇرسا نەدىمۇ ئۆگىنىشكە پۇرسەت چىقسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆگىنىشنى بالىلىرىم قىلسا مەن شۇلارغا يار ـ يۆلەك بولسام بولدى دەيدىغان تەسەللى؛ 40 تىن ھالقىغاندا بولسا ئەمدى 50 كە قاراپ ماڭدىم، قانچىلىك ئۆمرۈم بار، قانچىلىك يوق، بۇ چاغ بولغاندا ئۆگىنىش قىلىپ نېمىگە ئېرىشەرمەن، ئالدىغان ئۇنۋانىمۇ ئېلىپ بولدۇم، ياكى ئۇنۋان ئالمىسام نېمە بوپتۇ، كونىلار: «قېرىغاندا راۋاپ ئېتىپ ئۆلگەندە چاپتۇ» دەپتىكەن. مەنمۇ بۇ يېشىمدا «راۋاپ ئېتىپ» يۇرگىچە ئارامخۇدا ئۆتەيچۇ، دەيمىزدە ئىش تامام، ۋەسسالام.

بىراق شۋېتسىيەلىكلەرچۇ؟ ئۇلار بىلىم ئېلىشنى، تىل ئۆگىنىشنى، بىرەر يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشىشنى يېشىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە باغلىماستىن تىرىشۋاتقانلىقى ھەققىدە ئەسەت سۇلايمان مۇنداق يازىدۇ:

«ماي ئايلىرىنىڭ ئۇچىنچى ھەپتىسى شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتى بىناسىنىڭ ئۇچىنچى قەۋىتىدىكى دەرسخانىدا ئۇيغۇر تىلى دەرسىمنى باشلىدىم. ئۇيغۇر تىلى دەرسىنى ئاڭلاشقا تىزىملاتقانلار جەمئىي بەش كىشى بولۇپ، يالچىن بەي ئېگىز بوي، ئېغىر بېسىق ۋە تەمكىن كىشى ئىدى. يېشىمۇ 50 كە يېقىنلىشىپ قالغان بولۇپ، بىر مەزگىل ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۇركولوگىيە كافېدراسىدا يارىدەمچى لېكتور بولۇپ ئىشلىگەنىدى. ھازىر دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئۇچۇن ئىشتىن سىرت ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىۋاتىدۇ. يالچىن ئەپەندىنىڭ 50 ياشقا يېقىنلىشىپمۇ ئوقۇشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشى مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. مېنىڭ ئۇيغۇر تىلى دەرسىمگە يەنە 60 ياشتىن ئاشقان سېلما ئىسىملىك بىر شۋېت ئايالمۇ قاتناشتى. سېلما خانىم ئەسلىدە شۋېتسىيەنىڭ دۆلەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا ئۇزاق مەزگىل مۇخبىر بولۇپ ئىشلىگەن بولۇپ، شۇ جەريانىدا نۇرغۇن دۆلەتلەرگە بارغان ئىكەن.

سېلما خانىم باشقا ئوقۇغۇچىلاردەك تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى ئۇنچىلىك يۇقىرى بولمىسىمۇ، لېكىن بەك تىرىشچان ئايال ئىدى...» ③.

ئويلىسام ئويلىغۇم، يىغلىسام يىغلىغۇم، قايىنىسام قايناغۇم كېلىدۇ. بىز قانداق ئادەملەر؟ ئۇلار قانداق ئادەملەر؟ بۇ سوئالنىڭ ئاددىي جاۋابى شۇكى، بىزمۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى، ئۇلارمۇ ھەم. بىراق، ئوخشىمايدىغان يېرىمىز بىز ئۇيغۇر، ئۇلار شۋېت...

## 6. ئۇيغۇر مائارىپى ۋە شۋېتسىيە مائارىپى

«مائارىپ ــ ئىنسانىي مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە، نادانلىق، جاھىللىق دۇنياسىدىن سەگەكلىك ۋە مەرىپەت دۇنياسىغا يۈزلەندۈرىدىغان ئۇلۇغۋار خىزمەت.

مائارىپنى تونۇغان، مائارىپنى سۆيگەن، مائارىپنى قوللىغان ۋە مائارىپنى راۋاجلاندۇرغان جەمئىيەت مەڭگۈ گۈركىرەپ تۇرىدىغان پاراۋۇزغا ئوخشاش، يەر يۈزىدىكى بارلىق قاتناش ۋاستىلىرىدىن ھەيۋەتلىك ۋە زەبەر-

دەست قىياپەتتە ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدۇ. ئۇنىڭ كۆشەندىلە-
رى ئەخلەت- چاۋار ۋە چاڭ- توزانلاردەك يانجىلىپ تۇ-
گەيدۇ ھەم ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ» ④.

قايسى مىللەتنىڭ مائارىپى بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ما-
ئارىپشۇناسلىقنىڭ مەقسىتى بىرلا، يەنى ئادەم تەربىيەلەش-
نى ئاساس قىلىش بولسىمۇ، لېكىن تەربىيەلەشكە قوللانغان
ئۇسۇل - چارىلەر ئوخشىماي كەلدى. مەيلى شىۋېتسىيە
ياكى باشقا ياۋروپا ئەللىرىدە بولسۇن ئۇلارنىڭ ئادەم
تەربىيەلەش ئۇسۇلى، مائارىپ تۈزۈلمىسى ئالاھىدە
بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن مەك-
تەپكە، ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇپ بىلىم بېرىشنى ئاساس قىلغان-
دىن سىرت يەنە بىر تەرەپتىن كۆڭۈل ئېچىشقا يېتەكلەپ،
ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئازادىچىلىكى ئىچىدە تەربىيەلىنىشىگە
شەرت- شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. شىۋېتسىيەدىكى سى-
نىپلاردا 15 نەپەر ئوقۇغۇچى بىر سىنىپ تەشكىللە-
نىپ، دەرسنى بىر تەرەپتىن سىنىپتا سۆزلەپ، يەنە بىر تە-
رەپتىن دەرسكە مۇناسىۋەتلىك جايلارغا ئەپچىقىپ نەق
مەيداندا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ دەرس ئۆت-
كەنلىكى ئۈچۈن شىۋېتسىيە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆتۈلگەن
دەرس بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىش، ئاڭقا-
رىش قابىلىيىتى ئىنتايىن تېز يېتىلىدىكەن. ئوقۇغۇچىلار
ئىشلەشكە تېگىشلىك تاپشۇرۇقلار شۇ كۈنى، شۇ سائەتتە
ئاخىرلىشىپ، ئائىلىسىگە تاپشۇرۇق سۆرەپ بارىدىغان
ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن. شۇنداق بولغاچقا ئوقۇ-
غۇچىلار ئائىلىسىدە تاپشۇرۇقنىڭ بېسىمىدا يۈرمەي، خا-
تىرجەم، كۆڭۈل ئازادىچىلىكى بىلەن ئويناپ، ئۇخلاپ ئە-
تىكى دەرس ئۈچۈن مېڭىسىنى يېڭىلاپ كېلىدىكەن. يەنە
بىر تەرەپ شىۋېتسىيەدىكى ئوقۇغۇچىلار پەقەت يېرىم
كۈنلا ئوقۇتۇلۇپ، چۈشتىن كېيىن قويۇپ بېرىلىدىكەن.
ئەمما شۇنىڭلىق بىلەنمۇ ئوقۇ- ئوقۇتۇش ئىشلىرى
ئاقساپ قالمايدىكەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى-
مۇ تۆۋەن ئەمەس ئىكەن. بىز بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارنى
ئىلگىرى باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن يۈزەكي ھالدا ئاڭلىغان،
گېزىت- ژۇرناللاردىن ئوقۇغان بولساق، مانا ھازىر
«ئۆزلۈك ۋە كىملىك» تىن ئۇيغۇرىيە قىزنىڭ رۇدابېرى
باشلانغۇچ مەكتىپىدە شىۋېت ۋە ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش
جەريانىدىن ئېنىق كۆردۇق. بۇ سېلىشتۇرما تەپسىلاتتىن
شۇنى ھېس قىلدۇقكى مائارىپشۇناسلىقتا ئۇلارنىڭ قوللان-
غان تەدبىرىنى ئويلاپ بېقىش ئارتۇقچە بولمىسا كېرەك.

**7. گۇننار ياررىڭ ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى**

گۇننار ياررىڭ بىر شىۋېتسىيەلىك بولۇپ تۇرۇقلۇق
ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىغا بېغىشلىشى
ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ يۈكسەك دىققەت- ئېتىبارىنى قوزغاشقا
تېگىشلىك مۇھىم ئۈچۈر. ئۇ نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ
ۋاقىت، زېھىن، ئىقتىساد سەرپ قىلىپ، ئۆزى تەۋە بولمى-
غان بىر مىللەتنىڭ تىل ھەم مەدەنىيىتىگە ئىشتىياق باغلاي-
دۇ؟ تەتقىق قىلىدۇ؟ جان كۆيدۈرىدۇ؟ بۇ سوئالغا
ئاددىي ھالدا «ئۇنۇۋان ئېلىش ياكى خىزمەت تېپىش
ئۈچۈن» دەپ جاۋاب بەرسەك بەكمۇ ئەپسۇسلۇق ئىش
بولىدۇ. چۈنكى ياررىڭ ئەپەندى لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدا
شىۋېتسىيەنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد تۈركولوگلىرىدىن گۇستاف
رەكېت ئەپەندىنىڭ قولىدا تۈركىي تىل ئۆگىنىشنى باشلى-



غاندا، بىر قىسىم دوستلىرى ۋە باشقىلار ئۇنى مەسخىرە
قىلىپ، «ياررىڭنىڭ بۇ ئىشى پۇتۇنلەي ئەقىلدىن ئازغان-
لىق»، ئۇ «ئىلىم ساھەسىدىكى سەرگەردان» دەپ ئاتى-
غان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يۇقىرىقىدەك تاپا-تەنە، كەمسى-
تىشلەر ئالدىدا ئىككىلىنىپ ئولتۇرماي ئۆزى تاللىغان كە-
سىپنى چىن كۆڭلىدىن سۆيگەنلىكى ئۈچۈن قولىرى قەلەم
تۇتۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەي تىترەپ تۇرغان ھالدىمۇ
ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت تەتقىقاتنى بىر مىنۇت
توختىتىپ قويمىغان.

بىز گەرچە ئۇنىڭ پەقەت «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئە-
دەبىياتىنىڭ جەۋھەرلىرى»، «قەشقەرگە قايتا سەپەر»
ناملىق ئىككى پارچە كىتابى بىلەن يۈز كۆرۈشكەن بول-
ساقمۇ، ئۇنىڭ ئۆمۈربويى ئۆزىنى ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدە-
نىيتى تەتقىقاتىغا بېغىشلىغانلىق ھەققىدىكى ئۈچۈرغا
«ئۆزلۈك ۋە كىملىك» ئارقىلىق ئېرىشتۇق. ياررىڭ
ئەگەر يۇقىرىدىكى ئاددىي جاۋابىمىز بويىچە ئۇيغۇر تىلى
ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت تەتقىقاتنى ئۇنۋان ئېلىش، ياكى
خىزمەت تېپىش ئۈچۈن دەپ ئىزاھلىساق، ئۇنداقتا ئۇ
نېمە ئۈچۈن شۋېتسىيەدە شۇنچىلىك يۇقىرى دەرىجىدى-
كى ئۇنۋان ۋە ئەمەلگە ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىنمۇ تاكى
ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدىن قول
ئۈزمەيدۇ؟ دېگەن سوئالغا دۇچ كېلىمىز. چۈنكى، گۇننار
ياررىڭ ئەينەندى مەيلى شۋېتسىيەنىڭ ئەنقەرەدىكى ئەل-
چىخانىسىدا خىزمەتچى خادىم بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەندە
بولسۇن ياكى شۋېتسىيەنىڭ يېڭى دېھلى ۋە باغدادتا تۇ-
رۇشلۇق دىپلوماتىيە ئەمەلدارى بولۇپ تۇرغاندا بولسۇن
ۋەياكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كې-
ڭىشىنىڭ رەئىسلىكىنى يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىللىرىدە
بولسۇن ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىياتى تارىخى ۋە مەدەنىيتى
ھەققىدىكى تەتقىقاتنى بىردەممۇ توختىتىپ قويمىغان. بۇ-
نىڭدىن بىز بىر يات ئەللىكنىڭ ئۆزىنىڭ تىلى، مەدەنىيتى
ۋە باشقا ئىشلىرى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان بىر
تىلنى تەتقىق قىلىشتەك خالىس نىيىتىدىن ھەقىقەتەن سۆ-
يۈنمەي تۇرالمايمىز ھەمدە ئۇنىڭ بۇ ئۇلۇغ تۆھپىلىرى
ئۈچۈن چوڭقۇر مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

* * *

مەن ئادەتتىكى بىر ئوقۇرمەن بولۇش سۈپىتىم
بىلەن «ئۆزلۈك ۋە كىملىك»نى ئوقۇش داۋامىدا يەكۈن-
لەپ چىققان يۈزەكي ھاسىلاتلىرىم بۇنىڭ بىلەن تۈگەپ
قالمايدۇ. نېمىشقا دېگەندە مەن بۇ كىتابنى ئوقۇغاندىن
كېيىن ئۆزۈمنىڭ ئېقىن سۇدەك ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتىمغا
نىسبەتەن ئەقلىمنىڭ يەتكەن يېرىدىن باشلاپ بىر قېتىم
نەزەر ئاغدۇرۇپ چىقتىم-دە، شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىم:
ئىنسان كونىلارنىڭ سۆزى بويىچە بۇ «ئالتە كۈنلۈك ئا-
لەم»دە بىر كۈن ھەتتا بىر مىنۇتمۇ ۋاقىتنى زايە قىلىۋەت-
مەسلىكى، ھېچ ئىش قولىدىن كەلمىسە، ئەھمىيەتلىك
ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار ئۈچۈن بولسىمۇ كۈچە-
نىڭ يېتىشىچە ھەمدەم بولۇشى كېرەككەن.

مەن بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىقىشنىڭ ئالدىدا يازنىڭ
ئۇزاق كۈنلىرىدە ئەمەس، قىشنىڭ «بىر غېرىچ» كېلىدى-
غان قىسقا كۈنلىرىدىمۇ ھەر كۈنى كەم دېگەندە بىرەر
سائەت ئۇخلاش، بىرەر - ئىككى سائەت ۋاقتىمنى تېلېۋى-
زور كۆرۈش... دېگەندەك ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈۋەت-
كەن ئىكەنمەن. مانا ھازىر بۇ كىتابنى ئوقۇپ تۈگەتكەن-
دىن بۇيان، كۈندۈزى ئۇخلاش ئەمەس، كېچىدە ئۇيقۇ
بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاقتىمغىمۇ نارازىلىق تۇيغۇدا بو-
لۇۋاتىمەن. قىسقارتىپ ئېيتقاندا مېنىڭ دۇنيادا كۆرۈدىغان
ئۆمرۈم تۈگەپ قالغاندەك، ناھايىتى تېزلىك بىلەن تىرى-
شىپ كىتاب ئوقۇمىسام زامانلاردىن بېرى «كېيىن ئوقۇي-
مەن» دەپ يىغىپ كەلگەن 2000 پارچىغا يېقىن كىتابىم-
نىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئوقۇلماي قالىدىغاندەك، ئۇنىڭ-
دىن ئالدىغان بىلىم، ھۇزۇر ۋە ھاسىلاتلار نېسى قىلىپ
ئەۋلادلار ئالدىدا «كىتاب يۈكلىگەن ئېشەك» سانىلىپ
قالىدىغاندەك، رەتلەپ تۇرگە ئايرىپ كاتولوگ تۇرغۇ-
زۇشقا تېگىشلىك كىتاب، گېزىت-ژۇرناللىرىم رەتلەكسىز
قېلىپ تۈگىمەس پۇشايمانلارنى ئەكېلىدىغاندەك، ئىشقى-
لىپ تالاي-تالاي ئىشلار مېنى كۈتۈپ تۇرغاندەك تەخىر-
سىزلىك ئىچىدە ئۆتىدىغان بولۇپ قالدىم. قارىغاندا
«ئۆزلۈك ۋە كىملىك»نىڭ سېھرىي كۈچى مېنى ئەسلي
ئۆزۈمگە قايتۇرغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى، ھاياتىدا (مەيلى
ئۇ قانچىلىك ياشىسۇن) ئۆزىدىن ئۆزىنى تاپالمىغان ئادەم
بىر ئۆمۈر غەپلەت ئۇيقۇلىرىغا غەرق بولغىنىچە ئەھمىيەت-
سىز ياشاپ، ئىز - دېرەكسىز كېتىپ قالىدۇ، خالاس.

ئىزاھات:

① ئابدۇقادىر جالالىدىن «كىتاب ئوقۇش ۋىجدانەن مەسئۇ-
لىيەت» ناملىق ماقالە.

②، ③ ئەسەت سۇلايمان «ئۆزلۈك ۋە كىملىك» شىنجاڭ
ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى.

④ غەيرەتجان ئوسمان «قەدىمكى تارىم مەدەنىيتى»
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى.

(ئاپتور: گۇما ناھىيەلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە)

# ئۇيغۇر ھۈنەرۋەن — كاسىپلىرىدىكى شاگىرت تەربىيەلەش ئەنئەنىسى

**ئابدۇقەييۇم مىجىت**

**1. ھۈنەرلىك بولۇشنىڭ پەزىلىتى**

ئۇيغۇرلار كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن مۇقىم ئولتۇراق دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلاردا قول ھۈنەرۋەنچىلىك ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ سىجىل ئېشىشىغا ئەگىشىپ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ تۈرى كۆپەيدى، كۆلەملەشتى، تېخنىكىلىرى بەلگىلىك دەرىجىدە ئىلغارلاشتى. ھەر خىل ھۈنەر-كەسىپلەر نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامدايدىغان ئاساسلىق تىرىكچىلىك شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. ھۈنەر-كەسىپ تەرەققىي قىلغان، يۈكسەلگەن دەۋرلەردە ئۇيغۇر تىلمۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە «تۈركىي ھۈنەرىست» دېگەن نام بىلەن ھۈنەر-كەسىپ، سودا-سانائەت تىلى بولۇپ، غايەت زور ئىجتىمائىي رولىلارنى ئوينىغاندى. ھۈنەر-كەسىپلەر ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ۋە ئىش تەرتىپى ئىنچىكە، زىل، مەلىكىلىك ئىش سەرپىياتى يۇقىرى بولغان ئەمگەك بولغانلىقتىن، ئۇ ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگىنىش ئارقىلىق ماھارەت ئىگىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇيغۇر ھۈنەرۋەن-كاسىپلار ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئۆزلىرى ئالدىنقىلاردىن ئۆگەنگەن ھۈنەر-كەسىپلەرنى تەلەپكار شاگىرتلارغا ئۆگىتىپ تۇرغانلىقتىن، نۇرغۇن ھۈنەر-كەسىپلەر تا بۈگۈنكى كۈنگىچە سىجىل داۋاملىشىپ كەلگەن. شاگىرت تەربىيەلەش — نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ مەنىدىكى كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇللارنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. «شاگىرت» سۆزى ئەسلىي «مەلۇم بىر ھۈنەرۋەن، كاسىپتىن ھۈنەر ئۆگەنگۈچى كىشى» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «بوشغۇت» دېگەن سۆز ئىشلىتىلگەن. بىرەر ئۇستىدىن ھۈنەر ئۆگەنگۈچى بالا ئىشچىلار «نىمكار» دەپ ئاتالغان. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «بوشغۇت — شاگىرت. ھۈنەر ئۆگەنگۈچى شاگىرت»① ; «بوشغۇتلاندى — شاگىرتلىق بولدى. ئەر بوشغۇتلاندى — ئادەم شاگىرتلىق بولدى. «بوشغۇتلاند-بوشغۇتلانماق)» ② ; «ئۇز-ئۇز كىشى — قولى ئەپلىك كىشى، ئىش-ھۈنەرگە ماھىر ئادەم»③ ; «ئۇزلاندى-ئۇزلاندى، ئۇستىلىق كۆرسەتتى. ئەر ئۇزلاندى-ئادەم (ھۈنەر-سەنئەتتە) ئۇستىلىق كۆرسەتتى (ئۇزلانۇر-ئۇزلانماق)»④ ; «ئۇزماق — نىمكار، شاگىرت» ⑤ ; «ئۇزماقلاندى — شاگىرتلىق بولدى. ئەر ئۇزماقلاندى-ئادەم شاگىرتلىق بولدى (ئۇزماقلانۇر-ئۇزماقلانماق)»⑥ ; «ئۆگرەندى - ئۆگەندى. ئول بىلىملىك ئۆگرەندى-ئۇ بىلىم ئۆگەندى (ئۆگرەنۇر-ئۆگرەنمەك) ... ئەر ئۇزلۇق ئۆگرەندى-ئادەم ھۈنەر ئۆگەندى»⑦ دېيىلگەن بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلاردا شاگىرت تەربىيەلەش ئەنئەنىسىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ



«قۇتادغۇبىلىك»تە «قول ھۈنەرۋەنلەر بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش بابىدا» دەپ مەخسۇس بىر باب ئاجرىتىپ، «ھۈنەرۋەن»نى «ئۈزلار» دېگەن سۆز بىلەن، «ھۈنەر»نى «ئۈزلۈك» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىگەن ھەمدە مۇنۇ بېيىتلارنى قالدۇرغان:

« 4456 تاقى بىر قوتۇسى بۇ ئۈزلار تۇرۇر،
تىرىلگۈ تىلەپ ئۆزكە ئۈزلۈك قىلۇر.

يەشمىسى:
يەنە بىر گۇرۇھ ئۇ ھۈنەرۋەن ئېرۇر،
تىرىكلىك يولىدا ھۈنەرلەر قىلۇر.

4457 كەرەكلىك كىشىلەر يەمە بۇ ساڭا،
يارقىن تۇت بۇلارىغ تۇسۇلغاي توڭا.

يەشمىسى:
كېرەكلىك كىشىلەر يەنە بۇ ساڭا،
بېرۇر پايدا يېگىت، يېقىن بول ئۇڭا.

4458 تەمۇرچى ئەتۈكچى يانا قىرماقچى،
يا سىرچى بەدىزچى يا ئوقچى ياچى.

يەشمىسى:
تۆمۈرچى، ئۆتۈكچى، يەنە تېرىچى،
يا سىرچى، بوياقچى، يا ئوقچى ياچى.

4459 بۇ دۇنيا ئەتىكى بۇلاردىن تۇرۇر
ئاژۇندا تاڭ ئىشلەر بۇلاردىن تۇرۇر.

يەشمىسى:
بۇ دۇنيا زىننەتى بۇلاردىن بولۇر،
جاھاندا تاڭ ئىشلار بۇلاردىن كېلۇر.

4460 بۇلارنى بىلە مەن قاتىل ھەم قارىل،
سەۋىندۇر ئۇلارىغ سەۋىنچىن تىرىل.

يەشمىسى:
ئاشۇلار بىلەن ھەم قوشۇل ۋە قېتىل،
ئۇلارنى سۆيۈندۇر، سۆيۈنچتە تىرىل.

4462 ئىشىن قىلسالار تەرك تەرىن تەگرۇ بەر،
يەتۈرگىل ئىچۈرگىل ئاشىن كەڭرۇ بەر.

يەشمىسى:
ئىشىڭنى قىلسا، ئىش ھەققىنى تېز بەر،
يېدۈرگىن، ئىچۈرگىن، ئاشنى كەڭرۇ بەر»⑧.

ئۇيغۇر ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار مىننەت ـ تەمەنناسىز، ئۆز ماھارەتلىرىگە ھىيلە ـ مىكىر، ساختىلىق ئىشلەتمەي، ھالاللىق، پاكىزلىق، ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئەلگە خىزمەت قىلىپ كەلگەن. شاگىرتلارمۇ ئۆزىنىڭ ئۇستازلىرىنى ئۆز ئاتا ـ ئانىسىدەك كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۇستازلىق ھۆرمىتىنى ساقلاپ، ئۇستازلىرىنى ئۆز كەسپىنىڭ ئاساسچىسى سۈپىتىدە تونۇپ، ھۈنەر ـ كاسىپكارلارنى ئەقىدە ـ ئىخلاسى بىلەن ئۆگىنىپ ئەلگە ئۆز ـ ئەجىر مېھنىتى، ھالال قان-تەرى بىلەن جاۋاب قايتۇرغان، شاگىرتلار ئۇستازلىرىنىڭ قوللىغۇچىسى، تەرەپدارى ۋە شۇ كەسپنى داۋاملاشتۇرغۇچىلىق سالاھىيتى بىلەن ئۆزى ۋە ئۆزىنىڭ پىر ـ ئۇستازلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر خىل مەنىۋى رىشتىنى ئۈزۈلدۈرمەي كەلگەن. خەلقىمىز ئەزەلدىن «بايلىق مالدا ئەمەس، ھۈنەر ـ قابىلىيەتتە» دەپ قاراپ، ھۈنەرلىك، قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى ئەتىۋارلاپ، قەدىرلەپ كەلگەن ھەم ئەل-يۇرت ئەنە شۇ ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنىڭ قان ـ تەرى، ئەجىر ـ مېھنىتى بىلەن گۈللەپ ياشناپ ئاۋاتلىشىپ كەلگەن. قايسىبىر كىتابتىن ھۈنەرلىك كىشى بىلەن ھۈنەرسىز كىشى سېلىشتۇرۇلۇپ ئېيتىلغان مۇنداق بىر ھېكمەتلىك باياننى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە: «كىشىلەرنىڭ شان ـ شەرىپى مال ـ دۇنيادىن ئەمەس، كامالەتكە يېتىشتىن كېلىدۇ. ئىلىم ۋە ھۈنەردە كامال تاپقان كىشى پۇلسىز بولسىمۇ، ھەمىشە ئەزىز بولىدۇ. بۇ خۇددى شىر زەنجىردە باغلاقلىق بولسىمۇ، ھەيۋىتى كېمىيىپ كەتمىگەندەك ئىش. ھۈنەرسىز ئادەم گەرچە زەردار بولسىمۇ خار ۋە قەدىرسىز بولۇپ قالىدۇ. بۇ خۇددى ئىت ھەرقانچە توق بولسىمۇ ۋە ئېسىل زىبۇ ـ زىننەت بىلەن جابدۇپ قويۇلسىمۇ، يەنىلا خار ۋە بىئېتىبار بولغىنىدەك بىر ئىش». خەلقىمىز ئەقىل پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان ماقال ـ تەمسىللەردىمۇ ھۈنەرلىك بولۇشنىڭ خاسىيىتى، پەزىلىتى، پايدىسى، ئۆزى شۇغۇللىنىدىغان ھۈنەر ـ كەسىپكە قانداق مۇئامىلە قىلىش، ئۇستاز ـ شاگىرت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق ساقلاش ھەققىدىكى مەزمۇنلار خېلى كۆپ سالماقنى ئىگەلىگەن بولۇپ، خەلق ئارىسىدا «ھۈنىرى يوق كىشىنىڭ، مەززىسى يوق ئىشىنىڭ»، «بىر ھۈنەر مىڭ ئەيىبنى يېپەر»، «ھۈنەرەس، بىھۈنەر خارەس»، «گۆھەرلىك بولۇشتىن ھۈنەرلىك بولۇش ئارتۇق»، «ھۈنىرى بار قول ئۆلمەس»، «ئەر كىشىگە 72 خىل ھۈنەر ئاز»، «ھۈنەرۋەن بىكار تۇرالماس»، «ئۇستا ھۈنەرۋەنگە ھەممە يول ئوچۇق»... دېگەندەك ماقال ـ تەمسىللەر ناھايىتى كەڭ ئومۇملىشىپ ئومۇمىي ساۋاتقا ئايلانغان. بۇلار ئەل-



ۋەتتە ئۇيغۇر ھۈنەرۋەن-كاسىپلىرىنىڭ ھۈنەر-كەسپ ئەمەلىيىتىنىڭ مەھسۇلى.

2. ھۈنەر-كەسىپ تاللاش

ئۇيغۇرلاردا ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلەرنى ئامال بار كىچىكرەك ھۈنەرگە بېرىشكە ئالدىرايدۇ. چۈنكى بالدۇرراق ھۈنەرگە بەرسە ھۈنەرنى بالدۇرراق ئۆگىنىپ، تېزرەك شۇ ھۈنەرنىڭ نېنىنى تېپىپ يېيەلەيدۇ. تېزرەك كارغا كېلىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئاتا-ئانىلار ئىمكان بار بالىلارنىڭ تويىنى قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى بىرەر ھۈنەرنىڭ ئېگىسى قىلىشقا ئالدىرايدۇ. ئۇيغۇرلاردا تۇرلۇك تارىخى ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قىزلارغا قارىغاندا ئوغۇللار ئۆگىنىدىغان ھۈنەرلەرنىڭ تۈرلىرى كۆپ، دائىرىسى كەڭرەك بولۇپ كەلگەن. ئوغۇللارنى كىچىكىدىن باشلاپ بىلىم، ھۈنەر-كەسىپ ئىگىلىتىپ، ئۇلارنى كۆپ ئىقتىدارلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈش ھەر بىر ئاتا-ئانىنىڭ ئارزۇسى. شۇڭا «ئوغۇل بالىغا 72 خىل ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. ئۇيغۇرلاردا قىزلارغا ئاساسەن تىككۈچىلىك (سەيپۇڭلۇق)، ئاشپەزلىك، گىلەمچىلىك، توقۇمچىلىق، كەشتىچىلىك، دوپپىچىلىق، تونۇرچىلىق، چاق ئېگىرىش... قاتارلىق ھۈنەر-كەسپلەر كۆپرەك ئۆگىتىلسە، ئوغۇللارغا ياغاچچىلىق، موزدۇزلۇق، تۇماقچىلىق، كۆنچىلىك، قاسساپچىلىق، تامچىلىق، ئاشپەزلىك، كاۋاپچىلىق، ساتىراشلىق، باققالچىلىق، سىرچىلىق، مىسكەرلىك، تاقچىلىق، قۇيمىچىلىق، زەرگەرچىلىك، تۆمۈرچىلىك، كۇلالچىلىق، ساندۇقچىلىق، ھامام، تېبابەت... قاتارلىق ھۈنەر-كەسپلەر ئۆگىتىلىدۇ. بۇ ھۈنەر-كەسپلەرگە قاراپلا قايسىسىنى ئوغۇللارنىڭ ئۆگىنىشىگە، قايسىسىنى قىز-ئاياللارنىڭ ئۆگىنىشىگە ماس كېلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ ھۈنەرلەرنىڭ قايسىسىنى قىزلار، قايسىسىنى ئوغۇللارنىڭ ئۆگىنىشى ئاساسەن ئۇ ھۈنەرنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكى ۋە ئەر-ئاياللارنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتىنىڭ ماس كېلىش-كەلمەسلىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردا ئاياللار قەتئىي زەرگەرچىلىك قىلمايدۇ، لېكىن زەرگەرلەر ياسىغان بۇيۇملارنىڭ ھەممىسىنى ئاياللار تاقايدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى ھۈنەر-كەسپلەرنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەڭشىلىپ تۇرىدۇ. بالىلارنى قانداق ھۈنەرگە بېرىشتە ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئائىلە شارائىتى، بالىسىنىڭ قىزىقىشى، ئىقتىدارى، ئارزۇسىغا قاراپ ھۈنەر تاللايدۇ. پەرزەنتلەرمۇ ھەم ئاتا-ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پىكرىدە ھۆرمەت قىلىپ ئۇلار تەۋسىيە قىلغان ھۈنەرلەرنى راپىشلىق بىلەن ئۆگىنىدۇ. بەزى ھۈنەرۋەن-كاسىپلار پەرزەنتلىرىگە ئۆزىنىڭ ھۈنىرىنى ئۆگىتىدۇ ھەمدە پەرزەنتلەرمۇ «ئاتا مىراس كەسىپ» دەپ ئىخلاس ۋە ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىدۇ. شۇڭا «ئاتا كەسپى بالىغا مىراس» دېگەن ماقال كەڭ تارقالغان.

3. ئۇستىغا ئاپىرىپ بېرىش ۋە شاگىرت ئېلىش

ھۈنەر-ماھارەتتە كەسپىي جەھەتتىن ئەتراپلىق، سىستېمىلىق يېتەكلەش بولغاندا ھۈنەرنى تېز ئۆگەنگىلى بولىدۇ. شۇڭا ھۈنەر ئۆگىنىشتە چوقۇم ئۇستاز تۇتۇش، ئۇستا كۆرۈش كېرەك. «ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت ھەر مۇقامدا يورغىلار» دېگەندەك باشقىلارنى ئۇستاز تۇتماي، ئۆزلۈكىدىن ئىش قىلىدىغانلار ھۈنەرنى بۇزۇپ قويۇشى مۇمكىن. ئادەتتە ھۈنەرۋەنلەر ئىچىدە ئۇستا كۆرمەي ئۆزى ئۆگىنىۋالغانلارنىڭ تېخنىكا، ماھارىتى ھەرقانچە يۇقىرى بولسىمۇ، كەسپداشلىرى ئىچىدە ئانچە ئېتىراپ قىلىنمايدۇ، كىشىلەر تەكلىپ قىلمايدۇ. ئاتا-ئانا بالىسىنى ھۈنەرگە ئاپىرىپ بېرىشتە ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا بىرەر قۇر يېڭى ئۇستىباش ۋە كىيىم-كېچەك ئېلىپ بېرىدۇ. ئاندىن ياخشى بىر كۈننى تاللاپ، ھۈنەرۋەن ئۇستا-

2010.4

نىڭ ۋاقتى بار، كەيپى ياخشى ۋاقىتتا پەرزەنتىنى ئېلىپ بارىدۇ. ئالدى بىلەن كېلىش مەقسىتىنى ئۇقتۇرىدۇ ھەمدە بىر خون نان بىلەن بىركىيىملىك رەخت ياكى پۇل قاتارلىق نەرسىلەرنى قويىدۇ. ئەگەر ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرسە ئۇستىغا تون يېپىلىدۇ. ئاتا-ئانا بالىنى ئۇستىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ ھۈنەر ئۆگەنگۈچىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا نىسبەتەن «ئاپىرىپ بېرىش» ياكى «تۇتتۇرۇپ بېرىش» دەپ ئاتالسا، ئۆگەنگۈچىگە نىسبەتەن «ئۇستاز تۇتۇش»، «قول بېرىش»، ئۇستاز بولغۇچىغا نىسبەتەن «شاگىرت ئېلىش» ھېسابلىنىدۇ. ئۇستىلار شاگىرت ئېلىشتا ئۆگەنگۈچىنىڭ شۇ كەسىپكە نىسبەتەن ھەۋەس-قىزىقىشى، ئۆگەنگۈدەك ئىقتىدارى بار-يوقلۇقىنىمۇ ئويلىشىدۇ. چۈنكى، «ناباب شاگىرت ئۇستىغا يۈك» دېگەن گەپ بار. ھەرقايسى يۇرتلاردىكى ھۈنەرۋەن-كاسىپلارنىڭ يەنە بىر ئېسىل ئادىتى شۇكى، ئەگەر ئۆز مەھەللىسىدە ئاتا-ئانىسىدىن يېتىم قالغان، باققۇچىسى ۋە ھىمايىچىسى يوق بالىلار بولسا، ئۇلارنى ئۆزلىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن چاقىرتىپ ئەگەر ئۇلار خالىسا ئۇلارغا ئۆز ھۈنىرىنى خالىسلىق بىلەن ئۆگىتىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇنداق ھۈنەرۋەن-كاسىپلار ئاجىز-ئورۇق، غېرىب-غۇرۋالارنىڭ ۋە يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاشتەك بۇ ئېسىل پەزىلەتلىرىگە مۇناسىپ ئەل-يۇرتنىڭ ئالدىدا ھۆرمەت-ئىناۋىتى تېخىمۇ ئۈستۈن بولىدۇ، ئىززەت-ئېھرام ۋە ئەلنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشىدۇ.

## 4. ھۈنەر ئۆگىتىش ۋە ئۆگىنىش جەريانى

ھۈنەر-كەسىپلەرنى ئاڭلىق ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ. گەرچە ھۈنەر ئۆگىتىش داۋامىدا ئۇستىلار يېتەكچىلىك رول ئوينىسىمۇ، لېكىن شاگىرتلار چوقۇم ئاكتىپ، تەشەببۇسكار بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھۈنەر-كەسىپلىرىدىن كۆپ قىسىملىرى (مەسىلەن، تىككۈچىلىك (سەيپۇڭلۇق)، ئاشپەزلىك، كاۋاپچىلىق، ساتىراشلىق، گىلەمچىلىك، توقۇمىچىلىق، كەشتىچىلىك، دوپپىچىلىق، چاق ئىگەرىش، موزدۇزلۇق، تۇماقچىلىق، كۆنچىلىك، قاسساپچىلىق، مىسكەرلىك، تاقىچىلىك، زەرگەرچىلىك، تۆمۈرچىلىك، كۇلالچىلىق، ساندۇقچىلىق، قۇيمىچىلىق، ھامام... قاتارلىقلار) بىرەر يەردە دۇكان ئېچىپ، مۇقىم ئولتۇرۇپ قىلىنسا، يەنە بەزىلىرى (مەسىلەن، تونۇرچىلىق، ياغاچچىلىق، تامچىلىق، باققالچىلىق، سىرچىلىق... قاتارلىقلار)نى كۆچۈپ ئايلىنىپ يۈرۈپ، ھاجەتمەنلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا شاگىرتلار ھۈنەرلەرنىڭ ئورۇنغا بولغان ئېھتىياجىغا قاراپ، بەزى ھۈنەرلەرنى مەخسۇس ئىشخانا ياكى كارخانىلاردا ئۆگەنسە، بەزىلىرىنى ئۇستازىغا ئەگىشىپ، ھۈنەر قىلىدىغان جايلارغا بېرىپ ئۆگىنىدۇ. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ھۈنەر-كەسىپلىرىنىڭ ئەمەلىيەتچانلىقى كۈچلۈك بولغاچقا، شاگىرتلار ھۈنەرلەرنى ھۈنەر ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۆگىنىدۇ. ھۈنەر ئەمەلىيىتى جەريانىدا شاگىرتلار ھېس قىلىش، چۈشىنىش، مۇستەھكەملەش، ئىشلىتىشتىن ئىبارەت ئۆگىنىش جەريانلىرىنى تولۇق باشتىن كەچۈرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر ئۆگىتىش ۋە ئۆگىنىش پائالىيىتى جەريانىدا ئەدەپ-ئەخلاقتا ئەھمىيەت بېرىش بەكرەك تەكىتلىنىدىغان گەۋدىلىك ھەرىكەت ئۆلچىمى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر ھۈنەرۋەن-كاسىپلىرى ھۈنەر ئەمەلىيىتى جەريانىدا ھەر خىل مۇناسىۋەتلەرنى سىلىق يوسۇندا تەڭشەش، ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق شاگىرتلار ھۈنەر ئۆگىنىش جەريانىدا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئۇستاز بىلەن شاگىرت؛ شاگىرت بىلەن ئۇستازنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى؛ شاگىرتلار بىلەن شاگىرتلار (بىللە ھۈنەر ئۆگىنىۋاتقانلار) ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك ئەخلاق نورمىلىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

## 1. ئۇستاز بىلەن شاگىرت ئوتتۇرىسىدا

ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئۇيغۇر ھۈنەرۋەن-كاسىپلار شاگىرت تەربىيەلەش ئەمەلىيىتى جەريانىدا شاگىرتلىرىغا ئۆز ھۈنىرىنىڭ ئىش تەرتىپى، ئۇسۇلى، يولى ۋە قائىدە-قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇستاز بىلەن شاگىرت ئوتتۇرىسىدا قاتتىق رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك مۇئەييەن ئەدەپ-ئەخلاق نورمىلىرىنى قېلىپلاشتۇرغان. شاگىرتلارمۇ ئۇنىڭغا ئاڭلىق رىئايە قىلىپ كەلگەن، بۇ ئەخلاق نورمىلىرىنىڭ كونكرېت مەزمۇنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىرىنچى، شاگىرتلار ئۆز ئۇستازىنىڭ ئىسمىنى بىۋاستە چاقىرماسلىق.

«ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ھۈنەر-كەسىپ ۋە ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ئۇستاز-شاگىرت مۇناسىۋىتىدىكى سۆز ئەخلاقىغا ئىنتايىن ئېتىبار بېرىدۇ. ئادەتتە ھەرقانداق شاگىرت ياكى ئوقۇغۇچى ئۇستازىنىڭ نامىنى ئۇدۇللا تىلغا ئېلىپ چاقىرماي، بەلكى ‹ئۇستام›، ‹ئۇستاز›، ‹مۇ-

ئەللىم» دېگەن سۆزلەر بىلەن چاقىرىدۇ. بۇ ھەقتە قەدىمكى ئۇيغۇر ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك شاگىرتلارنىڭ ئۆز ئۇستازىنىڭ ئىسمىنى چاقىرماسلىق قائىدىسى ئېنىق بەلگىلەنگەن»⑨. بۇ ئۇيغۇرلاردىكى تىل پەرھىز ئادەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇگۈنكى كۈندىمۇ ئۇستاز بىلەن شاگىرت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردە ناھايىتى دىققەت قىلىنىدىغان پەرھىزلەرنىڭ بىرىدۇر.

ئىككىنچى، ئۇستازىغا گەپ ياندۇرماسلىق، يالغان ئېيتماسلىق، ھۈنەر ئۆگىنىش جەريانىدا ئۇستازىنىڭ بۇيرۇق، تاپشۇرۇقلىرىنى دىققەت قىلىپ ئاڭلاپ، بەجانىدىل ئورۇنداش؛ ئۇستازىغا گەپ قىلغاندا ئەدەپ ۋە ھايا بىلەن گەپ قىلىش؛ مۇبادا ئۇستازىنىڭ پىكرىگە قارىتا باشقىچە پىكردە بولسىمۇ گەپ ياندۇرۇپ ئېغىز غېرىچلىماسلىق، گەپ تالاشماسلىق، ئۇستازى سورىغان ھەرقانداق ئىشتا يالغان ئېيتماسلىق شاگىرتلار ئۇچۇن زۆرۈر بولغان ئەڭ ئەقەللىي ئەخلاقىي تەلەپلەردۇر.

ئۈچىنچى، چېقىمچىلىق قىلماسلىق، غەيۋەت قىلماسلىق، ئىش ئورنىدا بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەرنى ئۆيگە، ئۆيدە بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەرنى ئىش ئورنىغا توشۇپ بېرىپ چېقىمچىلىق قىلىش (يەنى ئۇستازىنى ئاتا ـ ئانىسىغا، ئاتا ـ ئانىسىنى ئۇستازىغا چېقىشتۇرۇش)، شاگىرتلار ئارا بىرىنى بىرسىگە چېقىشتۇرۇش، ئۇستازىنى شاگىرتقا، شاگىرتنى ئۇستازىغا چېقىشتۇرۇش ھەم ئۇلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش قاتتىق ئەيىب سانىلىدۇ. ئۇستازلار شاگىرتلارنىڭ بۇنداق قىلىقلارنى قىلىشىغا يول قويمايدۇ، مۇبادا بايقاپ قالسا شۇ زامان تەنبىھ بېرىپ تۈزىتىدۇ.

تۆتىنچى، تولا ئۇستاز ئالماشتۇرماسلىق، ئۇيغۇرلاردا تولا ئۇستاز ئالماشتۇرغان، ئۇستازىنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان، ئۇستازىنىڭ قارغىشىنى ئالغان ئادەمنىڭ ھۈنىرىنىڭ بەرىكىتى بولمايدۇ دەپ قارىلىدىغان بولغاچقا، ھۈنەرنى ئەڭ دەسلەپكى ئۇستازىنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتۇپ ئاخىرىغىچە ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىنىپ «ھۈنەرنى بىر كىشىدىن ئۆگەن، ئىسكەتنى مىڭ كىشىدىن» دېگەن ماقال ئېيتىلغان ۋە كەڭ ئومۇملاشقان. شاگىرتنىڭ ئۈچ يىلغىچە ئاش ـ تامقى بولىدۇ، ئىش ھەققى بولمايدۇ. يالغۇز ھۈنەر ئۆگىنىپلا قالماستىن، يەنە ئۇستازىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇستازىنىڭ بەزى ئۆي ئىشلىرىنىمۇ ئۇستىگە ئالىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىدىن قالسا ئۇستازىغا ئەڭ ھۆرمەت ۋە ئىززەت ـ ئېھرام بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇڭا، چوڭلار «ئۇستازىڭ ـــ ئىككىنچى ئاتاڭ» دەيدۇ. ئۇستازىنىڭ ئوقىتىگە چاڭ سالسا بولمايدۇ. ئۇستازى ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرىدە شاگىرتلىرىنىڭ ئارام ئېلىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ. ھېيت ـ ئايەملەردە شاگىرت ۋە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئۇنىڭ ئۇستازى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ھېيتلىشىدۇ، ئۆمۈر مۇراسىملىرىغا بىر ـ بىرىدىن تەكلىپ قىلىشىدۇ.

شاگىرتلارنىڭ ئۇستازى ئالدىدا دىققەت ۋە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى ۋە ئەخلاق نورمىلىرى بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇستازلارنىڭمۇ ئۆز شاگىرتلىرى ئالدىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى، ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتى بولىدۇ. شاگىرتلىرى ئالدىدا گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە ئۆزىنىڭ ئوبرازىغا دىققەت قىلىش، شاگىرتلىرىنى ئوخشاش كۆزدە كۆرۈش، شاگىرتلىرىغا بەزى شاگىرتلارنىڭ يامان گېپىنى قىلماسلىق، ئەستايىدىل، سەۋرچان بولۇش، شاگىرتلىرىنىڭ كۆڭلىدە ئىش ـ ئەمگەك ۋە ھۈنەر ـ كەسىپتىن زوقلىنىش، قورال ـ سايمان ۋە ئەسۋابلىرىنى قەدىرلەش خىسلەتلىرىنى ئويغىتىش، ئۆزلىرى شاگىرتلىرىغا ئۆز كەسپىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە ئۆزىمۇ كەسپىدىكى يېڭى نەرسىلەرنى ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىپ تۇرۇش، كونىسىنى تەكرارلاش بىلەن بىرگە يېڭىسىنى ئۆزلەشتۈرۈپ تۇرۇش، شاگىرتلىرىنىڭمۇ



پىكرىگە ھۆرمەت قىلىش... تەك ئۇستازلىققا خاس ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەت، مىجەز-خۇلقلارنى ھۈنەرۋەن-كاسىپلار ئۆزلىرىدە ھازىرلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. «ئۇستا قانداق بولسا شاگىرتى شۇنداق بولۇر» دېگەن گەپ بار. چۈنكى «ياغاچنى رەندە تۈزەيدۇ، ئادەمنى تەربىيە» دېگەندەك ئۇستازنىڭ تەربىيەسى شاگىرتنى تۈزەيدۇ، ئۇنى شۇ كەسىپكە لايىق چۈشەنچە، ئاڭ ۋە بىلىمگە ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا ئۇستازلار شاگىرتلىرىغا قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. «ئۇستازى زالىم بولسا شاگىرتى ئالىم بولۇر» دەيدىغان ئاتىلار سۆزى بار، لېكىن بۇ يەردىكى «زالىم بولسا...» دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ئۇستازلارنىڭ شاگىرتلارغا قوپال، رەھىمسىز، زوراۋان بولۇپ ئۇلارنى ئېزىشى، قاقشىتىشىنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى ئۇستازلارنىڭ رەھىمدىل، مۇلايىم، مېھرىبان، كۆيۈمچان ۋە كەڭ قورساق، ئەپۇچان، سەۋرچان بولۇشنى پرىنسىپ قىلغان ئاساستا، شاگىرتلىرىغا ھۈنەر ئۆگىتىشتە قاتتىق قول، كەسكىن ۋە تەلەپچان بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

**2. شاگىرت بىلەن ئۇستازنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئوتتۇرىسىدا**

ئۇستازنىڭ خوتۇنى ۋە پەرزەنتلىرىنىمۇ ئۇستازىدەك كۆرۈپ ھۆرمەتلەش، ئۇلارغا ئەدەپلىك، سىلىق مۇئامىلىدە بولۇش، ئۇلارغا يامان كۆزدە قارىماسلىق، بۇيرۇغان، تاپىلىغان ئىشلىرىنى ئامال بار ئورۇنداش، ئۇلارنىڭ چوڭ-كىچىك ئىشلىرىغا ياردەمدە بولۇش... قاتارلىقلارغا رىئايە قىلىش لازىم بولىدۇ.

**3. ئۆزى بىلەن بىللە ھۈنەر ئۆگىنىۋاتقان شاگىرتلار ئوتتۇرىسىدا**

شاگىرت ھەمساۋاقلىرى ئىچىدە ئۆزىدىن بۇرۇن كەلگەن ياكى ياشتا چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، بىر-بىرىنى ئۇستازىغا چېقىشتۇرماسلىق، يوق يەردە غەيۋەتنى قىلماسلىق، ئىش قىلغاندا بىر-بىرىگە بەس قىلماسلىق، بىر-بىرىنىڭ قورال-سايمانلىرىنى تالاشماسلىق... قاتارلىق ئىشلار ئۇستىنىڭ نازارەتچىلىكىدە، شاگىرتنىڭ ئاڭلىق بويسۇنۇشىدا بولىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش — ئەمگەك كۈچى تەقسىماتى، ھەمكارلىق شەكلى، بايلىق ئىشلىتىش ھوقۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە تېخنىكىلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىش قاتارلىق بىر قاتار ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان تەشكىللىك ئىجتىمائىي ھەرىكەتتۇر. جۈملىدىن ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىمۇ دەل شۇنداق پائالىيەتتۇر، ئەلۋەتتە ئۇيغۇر ھۈنەرۋەن-كاسىپلىرىنىڭ ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى مەقسىتى نوقۇل شاگىرت تەربىيەلەشلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك پائالىيىتى ئارقىلىق قول-ھۈنەر بۇيۇملىرى ۋە مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن بەلگىلىك دەرىجىدە ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشىش، شۇنداقلا ھۈنەر جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتىگە يانداش ھالدا ھۈنەرنى ئۆگەنگۈسى بارلارغا ئۆگىتىپ قويۇشتىن ئىبارەت. ئەلۋەتتە شاگىرت تەربىيەلەش ئىككىلەمچى، قوشۇمچە مەقسەتتۇر، شۇنداقتىمۇ ئۇيغۇر ھۈنەرۋەن-كاسىپلار ھۈنەر ئۆگىتىش، شاگىرت تەربىيەلەشنى پۇل تېپىشتىنمۇ مۇھىمراق ئورۇنغا قويۇپ، شاگىرتلىرى ئۆزى ئۆگىتىپ قويغان ھۈنەرنىڭ نېنىنى تېپىپ يېيەلىسە، ئۆزىنىڭ قولى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ رىزقىنىڭ تېخىمۇ مول، ياشاش ئىمكانىيەتلىرىنىڭ تېخىمۇ كەڭ بولۇشىغا سەۋەب بولالىسا ئۆزىنى تولىمۇ بەختىيار ھېسابلايتتى.

**5. دۇكان ئايرىش ۋە ئۆز ئالدىغا ئىش باشلاش**

شاگىرت ئۆگەنگەن كەسىپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، ئۆزى مۇستەقىل ھۈنەر قىلالىغۇدەك ئىقتىدارغا ئىگە بولدى دەپ قارالغان ۋاقىتتا، ئۇستىسىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن ئۇستىسىنىڭ دۇكىنىدىن ئايرىلىپ ئۆز ئالدىغا ھۈنەر قىلىدۇ. بۇ شاگىرتقا نىسبەتەن دۇكان ئايرىش ھېسابلانسا، ئۇستازىغا نىسبەتەن شاگىرت چىقىرىش بولىدۇ. بەزى ھۈنەرۋەن-كاسىپلار شاگىرتنىڭ دۇكان ئايرىپ ئىش باشلىغىنىنى تەبرىكلەپ ئۇنىڭغا شۇ ھۈنەرنىڭ جابدۇق-سايمانلىرىدىن بىر يۈرۈش تەقدىم قىلىدۇ. شاگىرتلار دۇكان ئايرىپ ئۆز ئالدىغا ئىش باشلىغاندىن كېيىن، ئۇستازىنى ئىزدىمەي تاشلىۋېتىدىغان ئىش بولمايدۇ. ئۇستازى ئۇچراپ قالسا ھەرقانچە ئالدىراش بولغان تەقدىردىمۇ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشۈش، ئەھۋال سوراش، پات-پات يوقلاپ تۇرۇش، ئاغرىپ قالغان بولسا كېسىلىنى كۆرۈش، ياردەم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى بولسا ئېرىنمەي ياردەم قىلىش، ئۇستازىنىڭ غەيۋىتىنى قىلماسلىق، كەسىپتە بىرەر ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىق قىلماقچى بولسا ئاۋۋال ئۇستازىغا مەسلىھەت سېلىش، شاگىرتلار ھۈنەر ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشقا تېگىشلىك ئەخلاقىي تەلەپلەردۇر. ئۇستازىدىن پەقەت ھۈنەر ئۆگىنىۋېلىپ بولغۇ-



چە، يەنى «ئېشىكىم كۆۋرۈكتىن ئۆتتۈۋالغۇچە...» دېگەندەك پوزىتسىيە تۇتقۇچىلار ھۈنەردە ئالغا باسمايدۇ دەپ قارىلىدۇ. ئۇستىسىدىن قارغىش ئالغان ئادەم ئىش-ئوقەت ۋە ھۈنەر-كەسىپتە ئالغا باسمايدۇ. ئىشلىرى ئىلگىرى كەلمەيدۇ. ھەر ئىشنىڭ باشلىنىشى، تەرەققىي قىلىشى، چېكىنىشى بولغىنىدەك، ھۈنەرۋەنمۇ ماھىرلىقتا ۋايىغا يېتىپ ياشانغانسېرى ماھارەتتىن چېكىنىدۇ. ئاتىلار «كاسىپ قېرىسا ھۈنىرىمۇ قېرىيدۇ» دېيىشىدۇ. دۇكان ئايرىپ تىجارەت قىلىپ شۇ ھۈنەردە ئۆزىنىڭ ئۇستازىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇستازىنىڭ ئالدىدا يورغىلىماسلىق، كۆز-كۆز قىلماسلىق ئەڭ ئەقەللىي ئەخلاقىي تەلەپتۇر. شۇڭا كۆپنى كۆرگەن دانا ئەجدادلىرىمىز «ئۇستا ئالدىدا قولۇڭنى تارت، موللا ئالدىدا تىلىڭنى»، «ئۇستاڭغا ئۆلگۈچە خىزمەت قىل، خىزمەت قىلالمىساڭ ئىززەت قىل» دەپ ئېيتقان، ئۇيغۇرلاردا ھۈنەر-كەسىپلەر پىرلىق ھۈنەر ۋە پىرسىز ھۈنەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئادەتتە پىرلىق ھۈنەرلەرنىڭ رىسالىلىرى بولىدۇ. ئەگەر شاگىرتلار پىرلىق ھۈنەرلەرنى ئۆگەنگەن بولسا، ئۇستازلىرى بەرگەن ھۈنەر-كەسىپ رىسالىلىرىنى ياخشى ساقلاش، ئۇنىڭدا بۇيرۇلغان ئىشلارنى بەجانىدىللىق بىلەن قىلىش، چەكلەنگەن ئىشلاردىن يېنىش، شۇنداقلا ئۇ رىسالىنى ئۆزى تەربىيىلىگەن شاگىرتقا يەتكۈزۈپ بېرىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ. بەزى كىشىلەر ئۆزى قىلغان ھۈنەرنى ئانچە ئاقتۇرۇپ بولالماي قالسا ئۇنى شۇ ھۈنەردىن ياكى ئۇستازىدىن كۆرىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ، بۇنداقلارغا «ھۈنەردىن زىيان تارتساڭ ئۇستاڭدىن كۆرمەي، ئەجرىڭدىن كۆر» دېگەن ئاتىلار سۆزى كۇپايىدۇر.

ھالبۇكى زامانىمىزغا كەلگەندە، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن ھۈنەرۋەن-كاسىپلارنىڭ شاگىرت تەربىيىلەش ئەنئەنىسىدە بەزى جىددىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرمەكتە. بەزى ھۈنەرۋەن-كاسىپلار شاگىرتلار بەلگىلىك ھەق تۆلىمىسە ئۆزىنىڭ ھۈنىرىنى ئۆگەتمەيدىغان، ئەستايىدىل بولمايدىغان، ھۈنەرنى تولۇق ئۆگەتمەيدىغان، شاگىرتلىرىدىن كۆپرەك پايدىلىنىۋېلىش ئۈچۈن ھۈنەردىكى بەزى تېخنىكىلارنى تېز ئۆگەتمەي دۇكان ئايرىپ بېرىش ۋاقتىنى كېيىنگە سۈرىدىغان، شۇنىڭ بىلەن شاگىرتلار بىرەر يىلدا ئۆگىنىپ بولغىلى بولىدىغان ھۈنەرنى ئۈچ-تۆت يىلغىچىمۇ ئۆگىنىپ بولالمايدىغان، شاگىرتلار دۇكان ئايرىغۇدەك بولسىمۇ، ئۇستىسى ئۇنى-بۇنى باھانە قىلىپ دۇكان ئايرىپ بەرمەيدىغان ئىشلار يۈز بەرمەكتە. بەزى ھۈنەرۋەنلەر ئۆزىنىڭ ھۈنىرىنى باشقىلارنىڭ ئۆگىنىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ بازىرىنى كاساتلاشتۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ئۆزىنىڭ بەزى تېخنىكا ۋە ئۇسۇللىرىنى مەخپىي تۇتىدۇ، ھەتتا ھۈنەرنى ئىشىكنى تاقاپ قويۇپ قىلىدۇ. بۇنداق قىلىش شۇ ھۈنەر-كەسىپنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى ئەمەس، «سودىگەرنىڭ يولى بىر، رىزقى باشقا» دېگەن گەپ بار. شۇڭا ھۈنەرۋەن-كاسىپلار ئۆز ھۈنىرىنى شاگىرتلىرى ۋە باشقا كەسىپداشلىرىدىن قىزغانماي، ھۈنەرنى ھالاللىق، ئەقىدە-ئىخلاس بىلەن قىلمىقى ۋە ئۆگەتمىكى لازىمدۇر. شۇنىمۇ تەكىتلەش ھاجەتكى، بەزى ھۈنەرلەردە شاگىرت ئېلىشتا ھەقىقەتەن قاتتىق ئېھتىيات قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، زەرگەرلىك ھۈنىرىدە ئالتۇن ئىشلىتىدىغان بولغاچقا، ناھايىتى ئىشەنچلىك كىشىلەردىن شاگىرت ئالمىسا بولمايدۇ. ئەگەر قولى ئەگرى، يالغانچى كىشى بولۇپ قالسا ھۈنەرۋەن كۆپ زىيان تارتىپ قېلىشى مۇمكىن. پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا ئەگىشىپ نۇرغۇن ھۈنەر-كەسىپلەر يېڭى، زامانىۋى تېخنىكىلارغا ئورۇن بوشىتىشقا باشلىدى. بەزى ھۈنەر-كەسىپلەر ئۆزىگە يانداش ھۈنەرلەرگە ئورۇن بوشاتتى. مەسىلەن، ياغاچچىلىق ئۆي بېزەكچىلىكىگە، تىككۈچىلىك كىيىم يۇيۇش كەسپىگە، ئاياغ تىكمىچىلىكى موزدۇزلۇققا قاراپ ئۆزگەردى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭ دائىرىسى كېڭەيدى، بىر قىسىم يېڭى كەسىپلەر مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن، چۈمۈ-

گۈل، توكچى، ماشىنا سىرچىلىقى، ماشىنا ۋە ئائىلە ئېلېك-
تىر سايمانلىرى رېمونتچىلىقى، تېلېفون ۋە كومپيۇتېر رې-
مونتچىلىقى دېگەندەك يېڭى كەسپلەر مەيدانغا كەلدى.

ئۇيغۇر ھۈنەرۋەن- كاسىپلار ئۆز مەھەللىسى ياكى يىراق- يېقىن يۇرتلاردىن كەلگەن ھۈنەر ئۆگەنگۈسى بار ياشلارنى تەربىيەلەشنى ئۆز كەسپىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماي، سىجىل تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق ئىش دەپ قاراپ، ئۇلارغا ئۆز ھۈنىرىنى ھېچقانداق ھەق ئالماي ئۆگىتىپ كەلگەن، ئۇيغۇرلاردىكى بەزى قەدىمىي ھۈنەر- كەسپلەرنىڭ نەچچە مىڭ يىللار داۋامىدا يوقاپ كەتمەي سىجىل تەرەققىي قىلىپ كېلىشىنى ھۈنەرۋەن- كاسىپلارنىڭ ئۆزىنىڭ ھۈنەر- تېخنىكىسىنى باشقىلاردىن قىزغانماي، خالىسلىق بىلەن ئۆگىتىپ قويۇشتەك ئېسىل ئەنئەنىۋى ئەخلاق- پەزىلىتى، مەردلىكى ۋە سېخىيلىقىدىن ئايرىپ قارىيالمايمىز. قايسىبىر كىتابتا «ئەگەر سەندىن بىرسى بىر تال بېلىق سوراپ كەلسە، ئۇنىڭغا سورىغىنىنى بەرسەڭ ئۇنىڭ قورسىقىنى بىر قېتىم تويغۇزۇپ قويۇپ ياخشىلىق قىلغانلىق بولىدۇ. ئەگەر سەن ئۇنىڭغا قارماقنى قانداق ياساشنى، بېلىقنى قانداق تۇتۇشنى ئۆگىتىپ قويساڭ ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈرلۈك رىزىق بەرگەن بولىسەن» دېيىلگەن ئىكەن. نەزەرىمدە ئۇيغۇر ھۈنەرۋەن- كاسىپلار دەل كىشىلەرگە «قارماقنى ياساشنى، بېلىقنى قانداق تۇتۇش»نى ئۆگىتىپ قويغۇچىلاردۇر. دانىشمەنلەر «مەنبەسىدىن ئايرىلمىغان سۇ دۆڭدىنمۇ يول تاپىدۇ»⑩ دەيدۇ. ئۇيغۇر ھۈنەرۋەن- كاسىپلار خالىس شاگىرت تەربىيەلەشتىن ئىبارەت بۇ ئېسىل ئەنئەنىسىنى ئۈزۈپ قويمىسا، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن مىللىي ئەنئەنىۋى ھۈنەر- كەسپلىرىمىز بۈگۈنكى كۈندىمۇ يول تېپىپ كېتەلىشى ۋە تېخىمۇ راۋاجلىنىشى، يۈكسىلىشى تامامەن مۇمكىن.

ئەنئەنىۋى ھۈنەر- كەسپلەر مىللىي ساناتئەتنىڭ ئۇل ئاساسىدۇر. ئۇنى بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشنى ئەقىل ۋە زامان تەقەززا قىلىدۇ. نۆۋەتتە ئۇيغۇر ھۈنەرۋەن- كاسىپلار ئۈچۈن ھۈنەر- كەسىپ ئەخلاقى ۋە رىسالىلىرىنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتىش، ئۆزگەرتىش، تولۇقلاش، ئىسلاھ قىلىش، ناچار تەركىبلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئەقلىي ۋە ئىلمىي ئامىللارنى كۆپەيتىپ زامانغا لايىقلاشتۇرۇش، ئەنئەنىۋى ھۈنەر- كەسپلەرنىڭ قۇرال- سايمانلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، ماشىنىلاشتۇرۇش، كۆلىمىنى كېڭەيتىش، يېڭى، زامانىۋى كەسپلەرنى ئۆگىنىش، ئىشقا چۈشۈش ۋە ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، شۇنداقلا يېڭىچە ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىش تولىمۇ زۆرۈر ۋە تەخىرسىز ئىشقا ئايلاندى.

ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ ئىش كۈتۈپ تۇرغانلارنىڭمۇ ئەجدادلىرىمىزدىن مىراس قالغان ھۈنەر- كەسىپلەرنى ئۆگىنىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش مەجبۇرىيىتى ۋە شۇ ھۈنەر- كەسپلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نېنىنى تېپىپ يېيىش، قىممەت يارىتىش ئىمكانىيىتى ھەم بار. ھۈنەرنىڭ خاسىيىتى ھەققىدە مۇنداق بىر شېئىرنى ئوقۇغانىدىم.

«ئالتۇنۇڭ خەرج بىلەن ئاخىر بولۇر كەم،
ھۈنەر شۇنداق گەنجكى كەمەيمەس ھەردەم!
ئۇلارنىڭ پەرقىنى ئېيتسام ئەگەردە،
ھۈنەر چەشمە ئېرۇر، ئالتۇن ئۇ شەبنەم! ⑪

شۇنداق، ھۈنەر قۇرىماس بۇلاق، بارلىق ھۈنەرۋەن- كاسىپلارغا شۇنداق مۇراجىئەت قىلىمىزكى، «بۈگۈنىمىزنىڭ كۈچىتى، ئەتىمىزنىڭ تۈۋرۈكلىرى» بولغان ياشلار ھۈنەر- كەسىپسىز قالمىسۇن. مەردلىكىڭلار، سېخىيلىقىڭلارنىڭ ۋەجىدىن ھۈنەر- كەسپلىرىڭلار تېخىمۇ بەرىكەت تاپسۇن!

ئەجدادلىرىمىزدىن تارتىپ ئېقىپ كېلىۋاتقان ھۈنەردىن ئىبارەت ئالتۇن بۇلاقنىڭ كۆزى ئېتىلمىسۇن!

ئىزاھات:

①، ②، ③، ④، ⑤، ⑥، ⑦ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980- يىل، 8- ئاي، 1- نەشرى، 1- توم 589، 2- توم 393، 1- توم 64، 392، 133، 411، 335- بەتلەر.

⑧ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984- يىل، 5- ئاي، 1- نەشرى، 922، 923- بەت.

⑨ ئەنۋەر سەمەت قورغان: «ئۇيغۇرلارنىڭ تىل پەرھىز ئادەتلىرى»، «مىراس» ژۇرنىلى، 2005- يىل، 1- سان، 13- بەت.

⑩ ئابدۇقادىر جالالىدىن: «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا — ياپونىيەدە كۆرگەن - بىلگەنلىرىم»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005- يىل، 3- ئاي، 1- نەشرى، 364- بەت.

⑪ روزىمۇھەممەد مۇتەللىپ: «مۇھەببەت»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007- يىل، 7- ئاي، 1- نەشرى 354- بەت.

(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا)

مەمتىمىن قۇربان



### دۆڭ ئېرىق

بۇرۇن بۇ يەر پايكا مەھەللە، ياغ مەھەللە، كۇراك مەھەللە، ئاياغ مەھەللە دەپ ئايرىم-ئايرىم ئاتىلاتتى. كەنت تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن ئىككى تەرىپى پەس بولغان ئېرىق كۆزدە تۇتۇلۇپ، 1984-يىلدىن كېيىن «دۆڭ ئېرىق» دەپ ئاتالدى.

### قاياش

بۇ يەر ئەسلىدە تەرەپ-تەرەپلەردىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقان كىشىلەرنىڭ تارقاق مەھەللىسى ئىدى. 1890-يىللىرى ھازىرقى قاراقاش بازىرىنىڭ قاياش دېگەن يېردىن كاللەك لەقەملىك مۇھەممەد، باقى، مەتكېرىم ئىسىملىك كىشىلەر كۆچۈپ كېلىپ، ھەر بىرى 100 مودىن يەر سېتىۋېلىپ ئولتۇراقلىشىپتۇ. بۇلارنىڭ ئىگىلىگەن يەرلىرى جىق، ئىناۋىتى يۇقىرى بولغانلىقتىن بۇ يەر «پارچە قاياش» دەپ ئاتىلىپتۇ. ئارىدىن 100 يىل ئۆتكەندە بۇ يەر «قاياش كەنت» دەپ مۇقىمدالدى. كاللەك لەقەملىكلەر 20 ئائىلىدىن ئاشتى. بۇلار ئەسلىي يۇرتىدىكى تۇغقانلىرى بىلەن باردى-كەلدىسىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

### جاھانباغ

ئاقلاشلاردىن قارىغاندا، يەتتە-سەككىز ئەسىر ئىلگە-



ری ۋابا كېسەللىدىن جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن يۇرتى-دىن قېچىپ چىققان كىشىلەر بۇ يەردىكى دۆڭلۈكنىڭ (بۇ دۆڭلۈكنىڭ قالدۇقلىرى ھازىرمۇ بار) ئەتراپىدىن ئايرىم-ئايرىم گەمە كولاپ يوشۇرۇنۇپتۇ. بۇ قاچاقلارنىڭ بەزىلە-رى كېيىنچە بۇ يەردە ماكانلىشىپ، كىچىك-كىچىك باغلار-نى بىنا قىپتۇ. يىللار ئۆتكەنسېرى ئادەملەر كۆپىيىپ، باغلار بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەڭ مېۋىزارلىققا ئايلىنىپتۇ. ئەرەب ئەللىرىدىن كەلگەن يوغان سەللىلىك بىر كىشى بۇ باغدا ھاردۇق ئېلىپ راھەتلەنگەنلىكتىن «جاھانچە كەڭ باغكەنغۇ بۇ!» دەپتۇ. «جاھانباغ» دېگەن نام شۇ چاغدا پەيدا بولغان ئىكەن.

### قارا ساقال مازار غوجام

جەنۇبتىن شىمالغا يەتتە-سەككىز كىلومېتىر سوزۇل-غان ئېرىقنىڭ بويىدىكى بۇ يۇرتنىڭ نامى ئەزەلدىن «ئۇ-زۇنئېرىق» دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ.

بۇ كەنتنىڭ تەۋەلىكىدە «قارا ساقال مازار غوجام» دېيىلىدىغان بىر قەبرە بار. بۇ قەبرە توغرىسىدا خەلق ئا-رىسىدا بۇنداق بىر رىۋايەت سۆزلىنىپ كەلمەكتە.

500 ـ 600 يىل بۇرۇن بۇ يەردىكى ئۆستەڭنىڭ سۈيى قىرغاقنى بۇزۇپ يېيىلىپ ئېقىپتۇ. كىشىلەر بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ لاي ئارىسىدىكى ئۇزۇن ساد-دۇقنى كۆرۈپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان يۇرت ئاقساق-لى دەرھال كېلىپ ساندۇقنى ئاچقان ئىكەن، قارا ساقلى بار بىر جەسەت كۆرۈنۈپتۇ. ئاقساقال كېچىسى بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بۇ قارا ساقاللىق كىشى مايمۇن يۈزلۈك دۈشمەنلەر بىلەن قىلىچ چېپىشىۋاتقۇدەك. مايمۇن يۈزلۈكلەر ئالاقزادىلىك بىلەن قېچىۋاتقۇدەك. ئەتىسى سە-ھەردە ئاقساقال ئاۋامنى (جامائەتنى) يىغىپ:

— چۈشۈمگە ئايان بولدى، بۇ زات ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسكەن، بىز ھۆرمەت قىلىدىغان ئۇلۇغ ئادەم-كەن، — دەپتۇ ھەم مېيىت نامىزىنى قايتىدىن ئوقۇتۇپ، چوڭ قەبرە ياستىپتۇ. بۇ قەبرە «قارا ساقال مازار غوجام» نامى بىلەن ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

### قارا قۇشقاچ

نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى بۇ يەر قومۇشلار قويۇق ئۆسكەن جاڭگاللىق بولۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى كىشىلەر تور يېيىپ سېۋەت-سېۋەتلەپ قارا قۇشقاچلارنى تۇتۇپ كېتىدىكەن. بىر نەچچە ئائىلىلىك كىشى قارا قۇشقاچلار-نىڭ توللىقىغا پايلىماي بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ ماكانلى-شىپتۇ. بۇ يەردە بارا-بارا ئادەملەر كۆپىيىپ مەھەللە بىنا بولۇپتۇ ۋە بۇرۇندىنلا «قارا قۇشقاچ جاڭگىلى» دەپ ئا-تالغان بۇ يەر «قارا قۇشقاچ كەنتى» دەپ ئاتىلىپتۇ.

### بورىچى لەقەملىكلەر

قارا قۇشقاچ كەنتىدە 50 تىن جىقراق بورىچى لەقەم-لىك ئائىلىلىك بار. بۇ جايغا دەسلەپ كۆچۈپ كەلگەن كىشى-لەر چوڭقۇر سازلىقلاردا قويۇق ئۆسكەن قومۇشلاردىن بورا توقۇپ ساتقان ئىكەن. ھايات ياشاۋاتقان روزى ئاخۇن (100 ياش)نىڭ ئاتىنىچى بوۋىسى دەۋرىدىلا بورىلارغا بورد-چى دېگەن لەقەم ئومۇملاشقان ئىكەن. بورىلارنىڭ ئەۋلادلى-رى ھازىرمۇ بورىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

### دۆڭ ئۆيلەر

بۇ كەنتنىڭ بۇرۇنقى نامى «بۇغىچى» بولۇپ، «بۇرغۇيچى» دېگەن سۆزنىڭ ئېغىزغا ئۆزلەشكەن تاۋۇ-شى ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا يۈز نەچچە يىل ئىلگى-رى بۇ يەردە قاسىم ئاخۇن ئىسىملىك بىر تۈگمەنچى بولۇپ، نەگىلا بارسا بېلىگە بۇرغۇي (جەرەن قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ مۈڭگۈزىدىن ياسىلىدىغان كاناي)نى قىستۇ-رۇپ ماڭىدىكەن. ئۇ تۈگمەنىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ بۇر-

غۇينى چالدىغان بولسا يىراق- يىراقتىكى كىشىلەرمۇ
ئۇگۇت (ئەخلەتتىن ئادالاپ تۇگمەنگە قويغىدەك تازىلاڭ-
غان قوناق ياكى بۇغدايلىرىنى ) بۇ تۇگمەنگە ئېلىپ كېلە-
دىكەن. شۇ سەۋەبتىن قاسىم ئاخۇنغا «بۇرغۇيچى» دەپ
لەقەم سىڭىپ قاپتۇ ۋە ئاستا- ئاستا «بۇغىچى»گە ئۆزگە-
رىپ، كېيىنچە كەنتنىڭ نامىغا ئايلىنىپتۇ. 1984- يىلى كەنت
ناملىرىنى مۇقىملاشتا بۇ كەنتتىكى ئۆيلەرنىڭ تولىسى
دۆڭگە سېلىنغانلىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ «دۆڭ ئۆيلەر»
دەپ ئاتالدى.

## دەريا بويى

بۇنىڭدىن 350 يىلچە ئىلگىرى بۇ جاي قاراقاش
دەرياسىنىڭ ئىككى ئېقىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارالچە
ئىكەن. ئىككى ئېقىنىنىڭ بىرى ھازىرقى ئورنىدا، يەنە بىرى
قارىمان كەنتنى ياندىپ ئاقىدىكەن. شۇ يىللىرى بۇ يەردە
تۇنجى قېتىم ئاپسىل ھاجى دېگەن كىشى تۈگمەن ماڭدۇ-
رۇپتۇ. كېيىنچە بۇ يەرنىڭ سۇ ھەم يەر شارائىتىغا قىزىققان
يەكەنلىك، خوتەنلىك كىشىلەر ئارقا- ئارقىدىن كېلىپ
تۇگمەن ماڭدۇرۇشقا باشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ يەردە
«قوم تۇگمەن»، «خوشۇپ تۇگمەن». «چوڭ تۇگمەن»،
«سادىق ھاجى تۇگمنى»، «زەيتۇگمەن»، «كالتە
تۇگمەن» دېگەندەك نۇرغۇن تۇگمەنلەر چۆرگىلەشكە باش-
لاپتۇ. ئەڭ بۇرۇن ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلغان
ئادەم يەكەنلىك، يەكەن موللام، دېيىشىدۇ كونىلار. ھازىر
بۇ يەردە يەكەن لەقەملىكلەر 30 ئائىلىدىن ئاشىدىكەن.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن غەرب تەرەپتىكى ئېقىن
يوق بولۇپ، ئېقىن ئورنى تېرىلغۇ يەرگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئارالچە دەريانىڭ غەرب تەرىپىگە ئۆتۈپ
قاراقاشقا تەۋە بولۇپ «دەريا بويى» دەپ ئاتىلىپتۇ. ھې-
لىمۇ دەريا بويى ئەتراپىدىن 1000 موچە تېرىلغۇ يەرگە
خوتەن ناھىيەسى ئىگىدارلىق قىلماقتا.

## داراسكال

داراسكال دېگەن ئاتالغۇ توغرىسىدا بۇنداق رىۋايەت-
لەر بار.

1) بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى بۇ يەردىن
ئاقىدىغان قاراقاش دەرياسىنىڭ بىر ئېقىنى شەرققە بىر ئۇن
يىتىم يۆتكىلىپ، بۇ جايدا جەنۇبتىن- شىمالغا بەش- ئالتە
كىلومېتىر، غەربتىن- شەرققە بىر- ئىككى كىلومېتىرلىق
سازلىق پەيدا بوپتۇ. بۇ ئۇزۇنچاق سازلىق جىلغا «دارازا
ئازگال» دەپ ئاتىلىپ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەر-
نىڭ تىلىغا داراسكال دەپ ئۆزلىشىپ قالغان ئىكەن.

2) نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى بۇ يۇرتنىڭ بىر ئاق-
ساقىلى بار ئىكەن. بۇ ئاقساقال قولىدىن دەررە (بىر خىل
جازا قورالى)نى چۈشۈرمەي تەنقىد- ئىزا بېرىشكە تېگىش-
لىك سەۋەنلىكلىرى ئۈچۈن كىشىلەرنى ئۇرۇپ جازالايدى-
كەن. كىشىلەر ئۇنى كۆرسە «دەررە ئاقساقال كەلدى»
دەپ بىر- بىرىگە خەۋەر قىلىشىدىكەن. بۇ ئاقساقال ئۆل-
گەندىن كېيىن ئۇنىڭ مەھەللىسى «دەررە ئاقساقال»
دەپ ئاتىلىپ، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى كىشىلەر تىلىغا «داراس-
كال» دەپ سىڭىپ قاپتۇ. داراسكال — ئىلگىرى بىر
يۇرت ئىدى. يۇرتنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ 1980- يىلى-
دىن كېيىن باش داراسكال، بۇلاق بېشى، داراسكالدىن ئى-
بارەت ئۈچ مەمۇرىي كەنتكە بۆلۈپ باشقۇرۇلماقتا.

## تۇگمەنبېشى مەھەللىسى

1850- يىلىنىڭ ئالدى- كەينىدە بىر تاشلىق ياقا



بۇ سۈرەت بۇنىڭدىن بىر ئەسىر ئىلگىرى دىيارىمىزدا تارتىلغان



تۆگمەن، بىر تاشلىق كالتە تۆگمەن، ئىككى تاشلىق قوشتۆگمەن، ئۈچ تاشلىق ئاراتۆگمەن بارلىقا كەلگەنلىكتىن بۇ يەر تۆگمەنبېشى دەپ ئاتالغان ئىكەن. بۇ مەھەللە قاراقاش ناھىيە بازىرىغا يېقىن بولغانلىقتىن، ئاشپەز - ناۋايلارنىڭ ۋە بازار ئاھالىلىرىنىڭ بۇ تۆگمەنلەردە ئۇن تارتىشى 1980 - يىللىرىغا قەدەر داۋاملاشتى. ئېتىز - ئېرىقلارنىڭ رەتلىنىشىگە، توك تۆگمەنلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ بۇ تۆگمەنلەر تۆگەشكەن بولسىمۇ، كەنت نامى يەنىلا «تۆگمەنبېشى» دەپ ئاتالماقتا. قوشتۆگمەن بىلەن ئاراتۆگمەننىڭ قالدۇق ۋەيرانە ئىكلىرى كىشىلەرگە ئۆتمۈشنى ئەسلىتىپ تۇرماقتا.

## ئاقدۆۋە

ئاگىلاشلارغا قارىغاندا مەقبەرە - قەبرىلەر بىلەن تولغان بۇ ئېگىزلىكنى دەريانىڭ يۆتكەلگەن بىر ئېقىنى ئىككىگە بۆلۈۋېتىپ، شەرق تەرەپتىكى ئېگىزلىك ئاقدۆۋە دەپ ئاتالغان ئىكەن. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ قارا ئايمىقى ۋە سارىك ئايمىقىدىكى كىشىلەر ئاقدۆۋىدە نەچچە يۈز مو يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىپتۇ. 1960 - يىللىرىدىن كېيىن دېھقانلار لەمپىگە يەر ئېچىشقا بۇيرۇلغانلىقتىن، ئاقدۆۋە قايتا قۇمۇش، يانتاقلىققا ئايلىنىپ كەتتى. 1978 - يىلى داراسكالدىن 63 نوپۇسلۇق 20 ئائىلىلىك دېھقان بۇ جايغا كۆچۈرۈپ ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى. بۇ جاي يىلمۇ يىل ئاۋاتلىشىپ بىر مەمۇرىي كەنت بولۇپ قالدى.

## سارىك ئايمىقى

ئاقدۆۋە كەنتىدە سارىك ئايمىقى دېيىلىدىغان بىر مەھەللە بار. ئىلپىشاكام ئىسىملىك بىر كىشى «كۈنجۈرا بىلەن ئەي قىلسا شال بەك ئوخشايدىكەن، ياغ قۇيسام تېخىمۇ ئوخشامسىمۇ؟» دېگەن خىيال بىلەن بىر مو شاللىق يېرىگە بىر نەچچە قاپاق ياغ چېچىپتۇ. بوراندا شاللىقنىڭ سۈيى تېشىپ كېتىپ ئېرىقتا ياغ لەيلەپ ئېقىپتۇ، ئېرىقنىڭ ئايغىدىكىلەر ياغنى قاپاقلارغا سۈزۈۋېلىپ «بۇ ياغنى كىم تۆكۈۋەتكەندۇ؟» دەپ سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ئۇلار ئىلپىشاكامنىڭ شاللىقتىن مول ھوسۇل ئالىمەن، دەپ ئېتىزلىققا ياغ چاچقىنىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن «قانداق سارىك گادايكەن بۇ» دەپ كۈلۈشۈپتۇ. ئىلپىشاكامنىڭ بۇ لەقىمى 65 ياشلىق نەۋرىسى تۇراخانغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

## ئىشقىلار

بۇ كەنتتە ئولتۇرۇشلۇق 74 ياشلىق خۇدىيىم بەرداخۇننىڭ 1994 - يىلى سۆزلەپ بېرىشىچە، خوتەن خەلقى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن ئەمدىلا ۋاز كېچىپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان يىللاردا ئىسلام ئەللىرىدىن كەلگەن، يەرلىك خەلق ئۇلۇغلىرىمىز دەپ ئاتىغان يولۇچىلار كەڭ سازلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ دۆڭ مەھەللىدە سۇ ئىچىپ سەگدىۋالماقچى بوپتۇ. بۇلاردىن يېشى چوگراق بىرسى بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەلسە ئىشىك قۇلۇپلاقلىق تۇرۇپتۇ، يەنە بىر ئۆيگە كىرىپ قارىسا بۇ ئۆيدىمۇ ئادەم يوق. بىر نەچچە ئۆينىڭ ئالدىغا بارسا ئەھۋال بايىقىغا ئوخشاشلا. بۇ كىشى چەتتىكى بىر ئۆيگە كىرسە بىر كېسەلچان بوۋاي يالغۇز يېتىپتۇ. يولۇچى ئۇنىڭدىن:

— بۇ مەھەللىدىكىلەر نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىغان ئىكەن، كېسەلچان بوۋاي:

— ھەممىيلەن ئېتىزلىققا ئىش قىلغىلى كەتتى، — دەپتۇ. يولۇچى ھەمراھلىرىغا:

— باشقا يۇرتلاردىن ئۆتكەن ۋاقتىمىزدا ھەممىيلەن قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى توختىتىپ بىزنى ئورىۋېلىشقانىدى، بۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرى بىز بىلەن چاتىقى يوق، ئۆز ئىشلىرى بىلەن بولۇپتۇ. ئەجەب ئىش قىلار ئادەملەركەن بۇ، — دەپتۇ. «ئىشقىلار» دېگەن ئاتالغۇ شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئىكەن.

## بۇلاق بېشى

بۇ جايدا ئىلگىرى داراسكالنىڭ لاس، زەرگەر، باي، بۇرۇچ، قارا ئايماقلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى ئولتۇراقلاشقانىدى. 1971 - يىلى قارىمان كەنتىدىن ئۇدۇللاپ يول ئېلىنغاندا ئىككى يولنىڭ كېسىشكەن يېرىدىن بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى. 1985 - يىلى بۇ كەنت «بۇلاقبېشى» دەپ ئاتالدى.

(ئاپتور: قاراقاش ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ پېنسىيونېرى)



# «تارىخىي ھەمىدى» دىكى ئەمەل-مەنسەپ ۋە ھۈنەر-كەسىپكە ئائىت ئاتالغۇلار

ئەھەد مۇھەممەدۇللا

«تارىخىي ھەمىدى» موللا مۇسا سايرامىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە مۇھىم تارىخىي ئەسىرى. ئاپتور بۇ ئەسەرنى ئۆزىنىڭ ئىلگىرى يازغان «تارىخىي ئەمنىيە» دېگەن ئەسىرى ئاساسىدا، 1908-يىلى 7-ئاينىڭ 10-كۈنى يېزىپ تاماملىغان. ئەسەردە گەرچە ئالەم ۋە ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى دىنىي رىۋايەتلەر، قەدىمكى تۈركىي قوۋملار، موڭغۇللار ۋە مىلادى 13-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى چىڭگىزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى، چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ ئەھۋالى، موڭغۇل دوغلات قەبىلىسىنىڭ مىلادى 13-ئەسىردىن 16-ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا «ماڭلاي سۇيە» (جەنۇبىي شىنجاڭ) رايونىدىكى پائالىيەتلىرى، چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن بولغان تۇغلۇق تېمۇرخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى تەرىپىدىن قۇرۇلغان موغۇلىستان خانلىقىنىڭ مىلادى 14-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن 16-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ھۆكۈمرانلىقى، مىلادى 16-ئەسىردىن 17-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن يەكەن خانلىقىنىڭ ئەھۋالى، تەرىقەتچىلەرنىڭ يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى پائالىيەتلىرى، مىلادى 17-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن كېيىن تەختكە چىققان ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تاكى 19-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىغىچە بولغان تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان بولسىمۇ، ئاساسلىقى تارىخ ئەھلى ئۇزاقتىن بۇيان دىققەت بىلەن قاراپ كەلگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئاساسىي تەتقىقات تېمىلىرى بولۇپ كەلگەن بىر مۇنچە مۇھىم مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە خېلى ئوبيېكتىپ ۋە ئىلمىي خۇلاسىلەرنى چىقارغان. ئاپتور بۇ ئەسەردە 1864-يىلىدىكى پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىغان دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ، بولۇپمۇ كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى، بۇ دۆلەتنىڭ بۇ دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قارشى جازا يۈرۈشلىرى، دېھقانلارنىڭ ئۇنىڭغا قارشى باتۇرلارچە كۈرەشلىرىنى تۇنجى قېتىم تەپسىلىي، مۇكەممەل ۋە سىستېمىلىق ئوتتۇرىغا قويغان. باشقا تارىخىي كىتابلاردىمۇ بۇ

ۋەقەلەرنى ھېچقاچان «تارىخىي ھەمدى»دەك تەپسىلىي ۋە سىستېمىلىق بايان قىلمىغان. شۇڭا بۇ ئەسەرنى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخىنى خېلى تەپسىلىي يورۇتۇپ بەرگەن مۇھىم بىر تارىخىي ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. بىر مىللەتنىڭ تىلىدىكى ئەمەل-مەنسەپكە ئائىت قانداق سۆزلەرنىڭ بولۇشى شۇ مىللەتنىڭ تارىخى، سىياسى ۋە جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ قانداقلىقىنى ئەكس ئەتتۈرسە، قانداق ھۈنەر-كەسىپكە ئائىت سۆزلەرنىڭ بولۇشى، شۇ مىللەتنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك، ئىشلەپچىقىرىش، سودا، ئىقتىساد ئىشلىرىنىڭ قانداقلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا بىر مىللەتنىڭ تىلىدىكى تارىختىن بۇيان ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئەمەل-مەنسەپكە، ھۈنەر-كەسىپكە ئائىت ئاتالغۇلارنى تەتقىق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەن بۇ ئەسەرنى قايتا-قايتا ئوقۇش ئارقىلىق، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىمۇ ئەمەل-مەنسەپكە، ھۈنەر-كەسىپكە ئائىت ھازىرقىغا ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن ئاتالغۇلارنىڭ ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم، شۇنداقلا بۇ ئەسەرنى داۋاملىق تەتقىق قىلىش مەقسىتىدە، ئالدى بىلەن ئەسەردىكى بىر قىسىم ئاتالغۇلارنى رەتلەپ، تۆرگە ئايرىپ كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشقۇم كەلدى.

### بىرىنچى، ئەمەل-مەنسەپكە ئائىت ئاتالغۇلار

ھەممىگە مەلۇمكى، 1949-يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت تۈزۈلمىمىزدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولۇپ، بۇرۇنقى پادىشاھلىق تۈزۈم پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن جۇڭگو خەلقى فېئوداللىق تۈزۈمدىن قۇتۇلۇپ، يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. بۇرۇنقى خانلىق تۈزۈم دەۋرىدە قوللىنىلغان بەزى ئاتالغۇلارمۇ تارىخقا ئايلىنىپ، ئەمەلىي ئىستېمالدىن قېلىشقا باشلىدى. بۇلار ئاساسلىقى ئەمەل-مەنسەپكە ئائىت سۆزلەردە ئىپادىلىنىدۇ. «تارىخىي ھەمدى»دىكى ئەمەل-مەنسەپكە ئائىت ئاتالغۇلارنى ھەربىي ئەمەلدارلارغا، ئوردا ئەمەلدارلىرىغا، دىنىي زاتلاردىن قويۇلغان مەخسۇس ئەمەلدارلارغا ۋە يەرلىك ئەمەلدارلارغا ئائىت ئاتالغۇلار دېگەن تۆرلەرگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

(1) ھەربىي ۋە ھەربىي ئەمەل-مەنسەپكە ئائىت ئاتالغۇلار

يەكەن خانلىقىنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن كۆچمەن چارۋىچىلىق تىپىدىكى دۆلەت بولۇپ، ھەربىي تەشكىلاتىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى — ئەسكەرلىك بىلەن يۇقىراقلىقنى بىرلەشتۈرۈش، ئادەتتىكى چاغلاردا چارۋىچىلىق قىلىش، ئۇرۇش ۋاقتىدا جەڭگە ئاتلىنىش ئىدى. «تارىخىي ھەمدى»دىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندىمۇ، ئەھۋال ئاساسەن يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولۇپ، پۇقرالار ئادەتتە دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى قىلسا، ئۇرۇش ۋاقتىدا جەڭگە ئاتلانغان. بۇ ئەسەردىمۇ ھەربىي ۋە ھەربىي ئەمەلگە ئائىت نۇرغۇن ئاتالغۇلار خاتىرىلەنگەن. ئەسەردا بايان قىلىنغان ھەربىي ئەمەل-مەنسەپكە ئائىت ئاتالغۇلار ئاساسەن تۆۋەندىكىچە:

قوشبېگى: «قوش» سۆزى بىلەن «بەگ» دېگەن سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، خانلىقتىكى مۇھىم مەنسەپدارلارنىڭ بىرىنى كۆرسىتىدۇ. سىمىيونوف: «بۇ پادىشاھتىن كېيىنكى ئالىي مەنسەپ، ئۇنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىنى ۋەزىرنىڭكىگە ئوخشاش دېيىشكە بولىدۇ، خانلىقنىڭ بارلىق ئىشلىرى ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ» دەپ قارايدۇ.

ئەمىر: ئەرەبچە «سەردار، ھۆكۈمران، پادىشاھ» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ نام يەكەن خانلىقى دەۋرىدە، «ھەربىي ئەمەلدار، سەركەردە» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان. ئاساسلىقى كۆچمەن چارۋىچى ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان، ئۇلار دائىم دېگۇدەك قەبىلە ياكى ئۇرۇقلارنىڭ مەلۇم ساندىكى پۇقرا-ئەسكەرلىرىنى ئىلكىدە تۇتقان.

بەگ (بېگ): ئەسلىدە «سەردار، خان-تۆرە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە كەلگەندە، ئىلكىدە مۇئەييەن كىشىلىك قوشۇنى بار كۆچمەن چارۋىچى ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر ياكى باشقا ئەمەلىي كۈچكە ئىگە كىشىلەر دائىم دېگۇدەك بەگ (بېگ) دەپ ئاتالغان. مەنىسى «ھەربىي ئەمەلدار، سەركەردە» دېگەنلىك بولۇپ، «ئەمىر» دېگەن نام بىلەن تەڭ قوللىنىلغان. كېيىنچە «ئەمىر» دېگەن نام ئاز ئىشلىتىلىپ، بەگ (بېگ) دېگەن نام كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بولغان. مەسىلەن، چېرىكچىبەگ، قازىبەگ، مىراپبەگ. خەزىنىچىبەگ، دىۋانبەگ، نەزەربەگ، قۇلبەگ، مىڭبېگى، دوپ بېگى، ۋاڭ بېگىم دېگەندەك.

غازى: ئەرەبچە جەڭچى، ئەسكەر، لەشكەر دېگەن

مەنىدە. ئىسلام ئەنئەنىسىدە ئاللا يولىدا جەڭ قىلغان ئادەم جەڭدە ئۆلسە شېھىت، ئۆلمەي قالسا غازى دەپ تەرىپلىنىدۇ. ئەسەردە ياقۇپبەگنى ئاتاقلىق غازى دەپ ئاتايدۇ. قارىغاندا غازى قوشۇندىكى كىشىلەرنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان، ئەڭ ئالىي سەركەردە بولسا كېرەك.

جاڭجۈن: خەنزۇچە ھازىرقى زاماندىكى «گېنېرال» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ياساۋۇلبېشى: ياساۋۇل+باش دېگەن سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقى، باشقۇرغۇچىسى دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، تۆۋەندىكىدەك ھەربىي ۋە ھەربىي ئەمەل- مەنسەپكە دائىر ئاتالغۇلارمۇ ئۇچرايدۇ. شاغاۋۇل، جەرەكە، باتۇر بېشى، چېرىك، باقاۋۇلبېشى، ئامبال، خانئامبال، باھادىر، پانسات، جاللات، يۈزبېشى، پىلتىرچى، مەلۇمچى، پەرۋانچى، مىرزابېشى، ئەمىرى لەشكەر، قوشچى، باھادىربېشى، قۇرچى، توقسابىي، ئەلەم، دەھباشى (ئونبېشى)، مەھرەم، سەرۋاز، مۇلازىم، ياساۋۇل، توپچى، جانباز، پىش جەڭ (ئالدى ھۇجۇمچى)، مۇباشىركار (مەسلىھەتچى)، ئونبېشى قاتارلىقلار.

(2) ئوردا ئەمەل- مەنسىپىگە ئائىت ئاتالغۇلار

يەكەن خانلىقىدا دۆلەتنى خان جەمەتىنىڭ مۈلكى دەپ قاراشتەك خاھىش بولغانلىقتىن، خان جەمەتىگە بىۋاسىتە خىزمەت قىلىدىغان مەھكىمىلەر ئالاھىدە كۆپ، ئەمەلدارلىرىنىڭ ئورنىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولغان، بۇ خىل ئەمەلدارلىق ناملىرى ئەسەردىمۇ ئۇچرايدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

ۋەزىر: بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مۇھىم ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغۇچى دېگەن مەنىدە. ۋەزىر خاننىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ، ئوردىدىكى ئەڭ ئالىي مەمۇرىي ئەمەلدار. يەكەن خانلىقىدا بۇ نام ئابدۇكېرىمخان دەۋرىدە قوللىنىلغان.

باقاۋۇل: خاننىڭ يېمەك- ئىچمىكىنىڭ تەمىنى تېتىيدىغان، خاننىڭ قەستكە ئۇچراشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، يېمەك- ئىچمەك ئىشلىرىغا مەسئۇل خوجىدارنى بىلدۈرگەن. قارىغاندا بۇ سۆز نەرسە- كېرەكنى باققۇچى ئەمەس، بەلكى يېمەك- ئىچمەككە باققۇچى، تېتىغۇچى دېگەن مەنىدە كېلىپ، ئوردا، چېدىر، بارگاھلارغا قارايدىغان «قاراۋۇل»دىن پەرقلەنگەن.

مىراخور: بۇ پارسچە ئەمەل نامى بولۇپ، خاننىڭ ئات- يىلقىلىرىنى ۋە باشقا جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئىشلىرىنى باشقۇرغان، ئەينى دەۋردە ئات ئەڭ مۇھىم قاتناش ۋە ئۇرۇش قورالى بولۇپ ھېسابلانغان، شۇڭا بۇ ئەمەلنىمۇ ئالاھىدە مۇھىم ئورۇنغا قويغان.

ياساۋۇل: ئوردا ئەمەلدارلىرى ئىچىدىكى بىر قەدەر كىچىك ئەمەللەرنىڭ بىرى. ئاساسلىقى خان بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنلەرنى خاننىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان، ئوردىدىكى ئۇششاق- تۈششەك ئىشلارنى قىلىدىغان ئەمەلدار. لېكىن ئەسەردىكى بايانلارغا قارىغاندا، ياساۋۇل — ھازىرقى ئەسكەر، ھەربىي دېگەن نامغا تەڭ كېلىدىغاندەك قىلىدۇ، ياساۋۇلنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلار ياساۋۇلبېشى دەپ ئاتالغان.

(3) يەرلىك ئەمەل- مەنسەپكە ئائىت ئاتالغۇلار

يەكەن خانلىقىدىن باشلاپ سۈيۇرغاللىق زېمىن بۆلۈپ بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، ھەرقايسى ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەرنىڭ كۆپىنچىسى خان جەمەت ئەزالىرىغا بۆلۈپ بېرىلگەن، ئۇلار ۋالىي بولۇپ، تولۇق ھوقۇق يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، مەركەز ھوقۇقىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ ئەمەلدارلار«يېمەك- ئىچمەك، ئىجارە، باج»نىلا باشقۇرىدىغان بولۇپ قالغان. مەمۇرىي ۋە ھەربىي چوڭ ھوقۇق چوڭ خان بىۋاسىتە ئەۋەتكەن ھاكىملارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن. يەكەن خانلىقىدىن كېيىنكى خوجىلار دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى چاغلاردىمۇ يەرلىك ئەمەل- مەنسەپكە ئائىت نۇرغۇن ئاتالغۇلارنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى ئەسەردە ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

ھاكىم: ئەرەبچە سۆز بولۇپ، يەرلىك باشقۇرغۇچى دېگەن مەنىدە. بۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قوشۇننى ھەم مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان «زۇڭدۇ» (ۋالىي) دېگەنگە توغرا كېلىدۇ. يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ھاكىملار ۋىلايەتنىڭ ئالىي ئەمەلدارى بولغان، خانلىقنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىگە كەلگەندە ھاكىملار چوڭراق ۋىلايەتلەرگە ئەۋەتىلگەن، كېيىنچە ۋىلايەتلەر تېخىمۇ كىچىك جايلارغا بۆلۈنگەچكە ھاكىملار بارغانسېرى كۆپەيگەن.

ئىشىكئاغا: «ئىشىك» دېگەن سۆزگە «خوجايىن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «ئاغا» سۆزىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان بولۇپ، «ئىشىك ياكى دەرۋازىنىڭ خوجايە-

نى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئەڭ مۇھىم مەنسەپلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنى بىۋاستە باشقۇرغان. يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى تەرتىپكە سالغاندا ئىشىكئاغىنى ۋەزىر بىلەن بىللە ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن. لېكىن ئەسەرنىڭ 161 - بېتىدىكى: «مۇھەممەدئىمىن ۋاڭ بېگىم بۇنداق بىر ئادەمنى پۇل بەردى دەپ ۋاڭ كىشىنىڭ ئۈستىگە ھاكىم قىلىپ، ۋاڭ كىشىنى يەنىلا ئىشىكئاغالىق مەنسىپىدە تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىگە قويغانلىقىنى ئار ۋە نومۇس بىلىپ، مۇنداق يۈرۈپ ياشىغىنىمدىن ئۆلگىنىم مىڭ مەرتە ۋە ياخشى دەپ، ئۆزىنى ھالاكەتكە يەتكۈزدى، دەپ ھېكايە قىلىشىدۇ» دېگەن بايانىدىن ئىشىكئاغىنىڭ مەنسىپى كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە ھاكىمدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىنى، ھاكىمغا ياردەملىشىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

قازى: جازا ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار.

مىراب: سۇ ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار.

پاششاپ: ئوغرى - قاراقچىلارنى تۇتۇشقا مەسئۇل ئەمەلدار.

دادخاھ: سوتچى، سوراقچى، كىشىلەرنىڭ دادىغا يەتكۈچى ئەمەلدار.

باجگىر: باج - سېلىققا مەسئۇل ئەمەلدار.

(4) دىنىي زاتلاردىن قويۇلغان ئەمەل - مەنسەپكە ئائىت ئاتالغۇلار

ئەينى زاماندىكى شىنجاڭدا ئەرشىدىن ۋەلى ئىزچىل يوسۇندا دىنىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، خانلىقنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، تەسىر دائىرىسى زور بىر كۈچ بولۇپ قالغانىدى. ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرمۇ ئۇلارنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى چەكلەشكە ئامالسىز قالغاچقا، ھۆكۈمەتتىكى بەزى مەنسەپلەرگىمۇ دىنىي زاتلاردىن تەيىنلىنىشكە باشلىغان. كېيىن خوجىلار ھاكىمىيەتنى ئىگىلەپ، پۈتۈن شىنجاڭنى «ئاق تاغلىق» ۋە «قارا تاغلىق» دەپ ئىككى چوڭ «لاگېر»غا ئايرىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى بۇزۇپ، ئەلنىڭ بېشىغا تۈگىمەس بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرگەن. شۇ دەۋرلەردىكى دىنىي زاتلاردىن قويۇلغان ئەمەل - مەنسەپكە دائىر ئاتالغۇلاردىن ئەسەردە خاتىرىلەنگەنلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئىمام: مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي رەھبىرى، باشلىقى، مەسچىتتە ناماز باشقۇرغۇچى.

مۇئەززىن: ئەزان ئېيتقۇچى، مەزىن.

جارۇبكەش: مەسچىت، خانىقا قاتارلىق دىنىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ تازىلىق خىزمەتچىسى.

خېتىپ: (خاتىپ) جۈمە ۋە ھېيت نامىزىدا خۇتبە ئوقۇيدىغان، ۋەز ئېيتىدىغان ئۆلىما.

سوپى: سوپىلىق تەرىقىتىگە مەنسۇپ شەخس.

ئىشان: سوپىزىمدىكى دىنىي باشلىقلارنىڭ ئۇنۋانى.

ھەزرەت: ئۇلۇغ، مۆتىۋەر زات.

مۇپتى: پەتىۋا بەرگۈچى، دىنىي مەسىلىلەردە قارار چىقارغۇچى.

ئۆلىما: ئالىم سۆزىنىڭ كۆپلۈكى بولۇپ بىلىمدان دېگەن مەنىدە. ئىسلام ھوقۇقشۇناسلىرى، شۇنىڭدەك دىنىي مۇئەسسەسەلەرگە، سوت مەھكىمىلىرىگە، بىلىم يۇرتلىرىغا باشلامچى بولغان دىنىي ساھەدىكى بىلىملىك كىشىلەر.

فازىل: ئالىي، دانىشمەن.

قازىكالان: كەلان — پارسچە «چوڭ» دېگەن مەنىدە بولۇپ، قازىكالان — چوڭ سوتچى دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

رەئىس: ئەرەبچە، باش، باشلىق.

مۇھتەسىپ: شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارنى تەكشۈرگۈچى، بازاردىكى جىلىڭ، تارازا ۋە باھانى نازارەت قىلغۇچى.

ئەينى دەۋردە ئىسلام دىنىنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىكى تەسىرىمۇ كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ، ئەدلىيە ئەمەلدارلىرى دىنىي زاتلاردىن بولغان، قارا تاغلىق خوجىلار بىلەن ئاقتاغلىق خوجىلار يۇقىرىدا خان - بەگلەرگە يامىشىپ، تۆۋەندە خەلق ئارىسىغا سىڭىپ كىرىپ، كەڭ كۆلەمدە مۇرت توپلاپ، زور بايلىققا ئىگە ئالاھىدە تەبىقە بولۇپ شەكىللەنگەن، دىنىي زاتلار تەبىقىسى ئەمەلدارلار تەبىقىسىگە ئوخشاشلا زور ئىمتىيازغا ئىگە بولغان.

ئىككىنچى، ھۈنەر - كەسىپكە ئائىت ئاتالغۇلار

بۇ ئەسەر نوقۇل ھالدىكى تارىخىي ئەسەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەينى دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن ئەدەبىي ئەسەر دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئەسەردە نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي تىل، ھەر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ۋە ئۆزگىچە بايان ئۇسلۇبى

ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇلار ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلسا، ئەسىردىكى نۇرغۇنلىغان يەر-جاي ناملىرى، ھەر ساھەدىكى تۈرلۈك ئاتالغۇلار تىلشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بۇ ئەسەر گەرچە بۇنىڭدىن 100 يىل بۇرۇن يېزىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا بىز تەتقىق قىلىپ ئۆگەنگۈدەك مەزمۇنلار ناھايىتى كۆپ، مەن پەقەت ئەسەردىكى ھۈنەر-كەسىپنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇلارنىلا تەھلىل قىلىمەن.

(1) قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە باشقا كەسىپتىكىلەرنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇلار

بۇخىلدىكى ئاتالغۇلار ئاساسەن سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا ھەر خىل قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسىلىپ، شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەمنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

«— چى» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسالغان ئاتالغۇلار. مەسىلەن، قازانچى، ياغاچچى، قونداقچى، جۇۋىچى. سالنامچى، بازارچى، پىلتىرچى، قوشچى، ئالامانچى، مەيمەيچى (سودا-سېتىق قىلىدىغان خەنزۇلار)، تۇگچى (تىلماچ)، قاراۋۇلچى، ئىراۋۇلچى، ھۇدەيچى، پەرۋانچى، سۇچى، مىشكاپچى، شاخكەر تۆمۈرچى (قىلىچ ياسايدىغان ئۇستا)، شاھماتچى.

«— گەر» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسالغان ئاتالغۇلار. مەسىلەن:

زەرگەر، مىخگەر، قۇيماگەر، خىمەگەر — چېدىرچى؛

«— داز، — دوز، — دۇز» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسالغان ئاتالغۇلار. مەسىلەن، پوستىندۇز (جۇۋىچى)، موزدۇز-سەرراچ (سەرراچ-ئات جابدۇقنى تىكىدىغان ئۇستا)، ئىلمەدۇز، زەردۇز، قۇرئەنداز — پالچى.

«— باز» (— ۋاز) قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسالغان ئاتالغۇلار. مەسىلەن:

قىمارۋاز، كەپتەرۋاز، كەكلىكۋاز، تۇخۇمباز، شاھماتۋاز.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە، تۆۋەندىكىدەك ئاتالغۇلارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، شاتىر، مۆھۈركەند (تامغا ئويغۇچى)، خەييات (كىيىم تىككۈچىلەر)، مۇنەججىم-يۇلتۇزشۇناس.

(2) ھەر خىل مەھسۇلاتلارنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇلار

ئەسەردە يېقىنقى زامان تارىخىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسەن دېگۈدەك ئۇرۇش قوراللىرى، ئولجا-غەنىيمەت، سوۋغا-سالام، كىيىم-كېچەك ۋە يېمەك-ئىچمەك قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل ئاتالغۇلار ئۇچرايدۇ.

ئۇرۇش قوراللىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلار: شاپ خەنجەر، ساۋۇت-ئولپاق، ئىگەر-جابدۇق، ئىگەر-توقۇم، جۇگەن-نۇقتا، يوپۇق-قوشقان، سولۇن، قالماق ئوقيا، ساغداق، ئوق-دورا، ناغرا، تۇغ، ئەلەم، بايراق، داقا-دۇمباق، ئوق-ساغداق، دەھۇل-دۇمباق، زەمبەرەك، جازايىل، خودەن، قەللاپ، تەيپو، مىلتىق، قورال-ياراغ، كاناي-سۇناي، نەيزە، قىلىچ، نىمچا (ئۇزۇن تون)، كەسسە كەمەر، تىردان، يۈگەن، قوشقۇن، پۇشتان، ئۆزەڭگە، كاتتا توپ، چاچما ئوق، گۇرزە، ئايپالتا قاتارلىقلار. بۇ يەردە ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەينى دەۋردىكى جەڭلەردە ئات ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، كىشىلەر ئاتنى جابدۇشقىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئات جابدۇقلىرىمۇ بارا-بارا جەڭدە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم قورالغا ئايلانغان، ئەسەردە ئات جابدۇقلىرىنى سوۋغا-سالام ۋە ئولجا-غەنىيمەت قىلغانلىقىمۇ خاتىرىلەنگەن.

كىيىم-كېچەككە مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلار: جىبىيە تون، رۇمچە نىمچە، شىم، تەلپەك-تۇماق، تاۋار، تەتۈللا، ئەتلەس، سەللە، جەندە، كۇلا (كۇلاھ)، تون، ئالتۇن تالالىق سەللە، كىمخاپ تون، زەرتون، تاۋار دۇردۇن، بەقەسەم، شايى-ئەدرەس، بەنارىس (يوللۇق يىپ رەخت)، چىت چەكمەن، خەسە يەكتەك، مەشۇت-يىپەك، مىيانە جۇۋا، تەلپەك، ئۆتۈك، شايى، ئەدرەس، چەكمەن تون، كىمخاپ، چۇمبەل، خەسە؛

ئولجا ياكى سوۋغا-سالامغا مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلار: يامبۇ، ئاختا ئات، مەرۋايىت، زۇمرەت، گۆھەر، لەئەل-ياقۇت، تىللا، تەڭگە، يېشىل رەڭلىك ئېسىل تاش، ئالماس، ئۈنچە-زۇمرەت، قۇندۇز-يۇلغۇن، سۇلەيسۇن، تۈلكە تېرىسى، تۇيۇق كۆرپە، ئاق تەڭگە، قىزىل پۇل، چاقا پۇل، جەرس-قوڭغۇراق.

يېمەك-ئىچمەككە مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلار: چاي،



2010.

چىنە، قازان، چۆگۈن، بادام، پىستە، جانان چىنە، چايجۇش (چاي قۇتىسى بولسا كېرەك)، كەپكۈر، چۆمۈچ، ئاپتىۋا، چىلاپچا، قىرما، زىلچە، قەنت، ناۋات، ھالۋا، مەۋىز قەندالەت، مۇراببا، مەجۇنى شەربەت، كەيپەندۈرگۈچى تائام، خوشاك، تالك بوفا، گۈلچە توقاچ، رىشالە، شويلا، شوۋىنگۈرۈچ، شىر پەرەنجى؛

**ئۈچىنچى، خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز ۋە ئاتالغۇلار**

چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، شۇ جايلاردا بىر قىسىم كىشىلەرنى مەنسەپكە تەيىنلەپ ئەمەلدار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خەنزۇچىدىكى بۇ ئەمەل ناملار ۋە بەزى ئاتالغۇلار ئۇيغۇر تىلىغا ئاستا-ئاستا سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. ئەسەردىكى خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز ۋە ئاتالغۇلار ئاساسلىقى تۆۋەندىكىچە: ۋەيشاڭ (تاشقى سودا، بازار)، ۋاڭ، گۈڭ، بەنلە — (جازا بەرمەك)، بۇيوجىڭ (كېرەك يوق)، چەنتۇ (ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇرلارنىڭ كەمسىتىلىپ ئاتىلىشى)، لەنجۇ سىيەك، خوپىڭ (ئوت قاچىسى)، جۇنلە (تەستىق)، لىفا (قائىدە)، چى خەت (تىل خەت)، ۋازا، ۋاڭخان، زۇڭتۇڭ دارىن، يېرىن (بۆلەك، باشقا)، يىڭفاڭ (گازارما)، يۇەنشەي، دا يۇەنشەي، شاڭتاڭ، چىڭچەي، شاڭ يامۇل، گوچۇڭزى (ئىتنىڭ قۇرتى، ھېسابى يوق). لاۋرىنجيا، دا پادىشاھ، لاۋ پادىشاھ، كوسى خەت (گۇڭسى خەت)، جانجۇن، مەيمەيچى (سودىگەر) قاتارلىقلار.

ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئىشلەتكەن ئەمەل-مەنسەپ ناملىرى ھەر خىل بولۇپ، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ ماڭغان، تارىختىن بۇيان ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئەمەل-مەنسەپ ۋە ھۈنەر-كەسىپنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇلار ھەققىدە تەتقىقاتلار ئاساسىي جەھەتتىن قولغا ئېلىنماي كەلدى. تېخىچە بىرەر خاس كىتابنىڭ يېزىلغىنىمۇ يوق، بۇ دەل بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان ناھايىتى مۇھىم بىر تېما. شۇڭا بىز بۇ ھەقتە ئوبدان ئىزدىنىپ باقساق، مەن تارىخشۇناس، تىلشۇناس، تەرجىمان ۋە باشقا كەسىپتىكىلەرمۇ بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ باقسىكەن دېگەن تىلەكتە، «تارىخىي ھەمىدى»دە ئۇچرىغان ئەمەل-مەنسەپ ۋە ھۈنەر-كەسىپكە ئائىت ئاتالغۇلارنى تۈرلەرگە ئايرىپ تەھلىل قىلىپ چىقتىم، يېتەرسىز جايلىرى بولسا كەسىپداشلارنىڭ، دوستلارنىڭ تەنقىد-تەكلىپ بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. موللا مۇسا سايرامى «تارىخىي ھەمىدى» مىللەتلەر نەشرىياتى 2007-يىل.

2. ۋېي لياڭتاۋ «يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999-يىل.

3. سادىق ھاپىز «قىسقىچە ئىسلام لۇغىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994-يىل.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى مەدەنىيەتشۇناسلىق ئوقۇتۇش-تەتقىقات بۆلۈمىدە)

**ئوقۇرمەنلەر سەمىگە:**

ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەن ئاپتورلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قەلەم ھەققى ئەۋەتىشىمىزگە قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇشلۇق تەپسىلىي ئادرېسى ۋە ئىسىم - فامىلىسىنى كىملىكىدىكى بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تولۇق يېزىپ ئەۋەتىشىنى، شۇنداقلا ئەۋەتكەن ئەسىرىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئۆزى ساقلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەسەر قايتۇرۇلمايدۇ.

**«مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى**

**ئوقۇرمەنلەر سەمىگە:**

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بىزدە. رۇخسەتسىز ئىشلىتىۋالغۇچىلارنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ!

**«مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى**



# دەريا بويىلىقلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى

مەتسەئىدى مەتقاسىم

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

## ئۆلۈم - يېتىم ئادىتى

دەريا بويىنىڭ ئۆلۈم - يېتىم ئادىتى خوتەننىڭ، جۇمە-
لىدىن كېرىيەنىڭ ئۆلۈم - يېتىم ئادىتى بىلەن بەزى جەھەتتە
ئوخشاشمايدۇ. ئادەتتە بۇ يەرنىڭ ئۆلۈم - يېتىم ئادىتى بۇ-
نىڭدىن 100 نەچچە يىل بۇرۇنقى لوپلۇقلارنىڭ ئۆلۈم -
يېتىم ئادىتىگە ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ. قۇم تۇپراق شەھە-
گو ياساش ياكى گۆر كولاشقا قۇلايسىز بولغاچقا، مېيىتنى
توغراق ئۇلاقتا سېلىپ دەپنە قىلىش ئادەتكە ئايلانغان.
دەريا بويىلىقلار توغراق ئۇلاقنى «كۆكتەي» دەپ ئاتاشقا
ئادەتلەنگەن بولۇپ، ھازىرمۇ شۇنداق ئاتاپ كەلمەكتە.

## مېيىت نامىزىغا كەلگەن جامائەت

مېيىتنى توغراق ئۇلاقتا سېلىپ دەپنە قىلىش تارىم
ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردا بايقالغان ئو-
مۇمىيۈزلۈك ئەھۋال بولۇپ، كەم دېگەندىمۇ ئۈچ - تۆت
مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە. ئارخېئولوگلار دەريا بويى تە-
ۋەلىكىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقلار، 2008 - يىلى 1 -
ئايدا شايار چۆلى تەۋەلىكىدە بايقالغان «كېرىيە شىمالىي
قەبرىستانلىقى»، مىرەن قەبرىستانلىقى، لوپنۇر تەۋەلىكى-
دىكى «ئۆستەڭ قەبرىستانلىقى»، «نىيا قەدىمكى شەھىرى
قەبرىستانلىقى» قاتارلىق بىر قانچە قەبرىستانلىقلاردىن
توغراق ئۇلاقتا دەپنە قىلىنغان نەچچە ئون مىڭ جەسەتنى
بايقىدى. شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ باشلىقى
ئىدرىس ئابدۇرۇسۇلنىڭ دەلىللىشىچە گەرچە بۇ قەدىمىي
قەبرىستانلىقلاردىكى جەسەتلەرنىڭ دەپنە قىلىنغان ۋاقتى
ئوخشاش بولمىسىمۇ لېكىن، توغراق ئۇلاقتا سېلىپ دەپنە
قىلىش ئۇسۇلى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش ئىكەن. كى-
شىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، تارىم ئويمانلىقىدىكى
كونا بوستانلىقلاردا ياشاپ كەلگەن چارۋىچىلار ئىسلام
دىنى كىرگەندىن كېيىنمۇ، مېيىتنى توغراق ئۇلاقتا سېلىپ
دەپنە قىلىش ئادىتىنى تاشلىماي بوغۇنمۇ بوغۇنغا ئەۋلادتىن
داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. لېكىن كېيىنكىسىدە مېيىت



ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە دەپنە قىلىنغان.

لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ ئۆستەڭ قەبرىستانلىقىدىكى توغراق ئۇلاققا دەپنە قىلىنغان 3000 يىللىق جەسەت ۋە ئۆستەڭ قەبرىستانلىقى

نىيا قەدىمكى شەھىرىدىكى توغراق ئۇلاق ۋە جەسەت

بۈگۈنكى دەريا بويىدىكى توغراق ئۇلاق (كۆكتەي)

مەن تارىم ئويمانلىقىدىكى بەزى قەدىمكى قەبرىستانلىقلارنى ئېكسپېدىتسىيە قىلىش داۋامىدا، گەرچە ماكان ھەم زامان ئالماشقان ئەھۋالدىمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى توغراق ئۇلاققا دەپنە قىلىش ئادىتىنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكىگە دىققەت قىلدىم. دەريا بويىلىقلارنىڭ مېيىتنى توغراق ئۇلاققا سېلىپ دەپنە قىلىش ئادىتى ئەنە شۇ تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ دەپنە ئادىتىنىڭ داۋامى ھەم راۋاجى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### دەپنە

ئەمدى ئەسلى مەقسەتكە كەلسەك، بۈگۈنكى دەريا بويىلىقلار ئىلاجى بار ئۆزى تۇرۇشلۇق جايىدىكى تەكشى قۇملۇق رايوننى مازار قىلىپ تاللىغان. لېكىن مازارنى تەكشى قۇملۇق رايونغا جايلاشقان دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. قۇملۇقنى بىر نەچچە مېتىر كولىغاندا زەيكەش سۇ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كولىغان يەرگە قۇم گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈپ چوڭقۇر كولاشقا مۇمكىن بولمايدۇ. شۇڭا دەريا بويىلىقلار يەرلىكنى بىر يېرىم مېتىردىن ئىككى مېتىرغىچە كولاشقا ئادەتلەنگەن. چارۋىچىلار ئىچى پورلاشقان چوڭ توغراقنى كېسىپ توغراق ئۇلاق قىلىدۇ. بەزى ياشانغان كىشىلەر ھايات ۋاقتىدا ئالدىن توغراق ئۇلاق تەييارلاپ قويىدۇ. مېيىت كېپەنلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىرچە كېلىدىغان توغراق ئۇلاقنىڭ ئىچىگە قويۇلىدۇ. يەنى توغراق ئۇلاق دۈم كۆمتۈرۈلگەن ھالەتتە بولىدۇ. بۇ خۇددى قەدىمكى لوپلۇقلارنىڭ ئۆز قېيىقىنى دۈم كۆمتۈرۈش ئارقىلىق دەپنە قىلىش ئۇسۇلىغا بىر ئاز ئوخشايدۇ. ئۇلاقنىڭ ئىككى ئېغىزى ئەسلىي ئۆز جايىدىن ئېلىۋېتىلگەن توغراق شال بىلەن يېپىلىپ سېغىز لايدا مەھكەم ئېتىلىدۇ. قەبرىگە توغراق خادىسى قادىلىپ ئۇنىڭغا قوچقار مۈڭگۈزى، تۇلۇم، لاتا ۋە يىپ قاتارلىق نەرسىلەر ئېسىپ قويۇلىدۇ. مېيىتنىڭ يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرى مازار بېشىدا يەتتە كېچە-كۈندۈز دۇئا-تىلاۋەت قىلىدۇ.

توغراق ئۇلاقنىڭ ئىككى ئېغىزى شال بىلەن ئېتىلىپ سېغىز لاي بىلەن سۇۋۇلىدۇ

بۇنىڭدىن 30 نەچچە يىللار ئىلگىرى دەريا بويىدا بىرەر كىشى قازا قىلسا يات كىشىلەرمۇ 40 كۈن قارا تۇتىدىغان ھەم 40 كۈن دۇئا-تىلاۋەت قىلىدىغان ئادەت بولغان. ھازىر پەقەت يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىلا شۇنداق قىلىدۇ. دەريا بويىنىڭ شايار ناھىيەسى بىلەن چېگرالىنىدىغان ئەڭ چەت يېرىدىكى چارۋىچىلارمۇ بىرەر كىشىنىڭ قازا قىلغىنىدىن خەۋەر تاپسا 100 — 150 كىلومېتىردەك يىراق جايدىن كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ، مېيىت چىققان ئۆيدە كەم دېگەندىمۇ ئىككى-ئۈچ كۈن، ھەتتا ئالتە-يەتتە كۈن تۇرۇپ ئاندىن قايتىدۇ. شۇڭا كېرىيە خەلقى ئارىسىدا «كۆلگۆك بولسا غولجىدا كۆل، ئۆلگۆك بولسا دەريا بويىدا ئۆل» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز تارالغان. دەريا بويىلىقلار ھەقىقەتەنمۇ ئۆلگۈچىنىڭ ئەتىۋارىنى بەك قىلىدۇ. چوڭ-كىچىك ھەممە كىشى ھۆكرەپ يىغلايدۇ. ئۆلەرنىڭ يىغىسىغا قاراپ يىغلىمايدىغان ئادەممۇ يىغلاپ تاش-



MIRAS

لايدۇ. ئاياللار ھازا ئېچىپ قوشاق قېتىپ يىغلايدۇ. ئۆلگۈچى بىلەن ھېچقانداق ئۇرۇق- تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان ياكى باشقا يېقىن مۇناسىۋىتى يوق كىشىلەرمۇ خۇددى ئاتا- ئانىسىنىڭ مازىرىنى يوقلاپ تۇرغانغا ئوخشاش دائىم مازارغا كېلىپ قازا قىلغۇچىنىڭ قەبرىسىنى ئايلىنىپ دۇئا قىلىپ كېتىدۇ. دەريا بويىدىكى ئۆلۈم- يېتىم ئادىتىنىڭ يەنە بىر ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، مېيىت كېپەنلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ گۇناھى نامرات، ئاجىز كىشىلەرگە ئۆز ئىختىيارى بويىچە سېتىپ بېرىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ نەزەرىدە «دەۋرە» ھېسابلىنىدىكەن. گەرچە بۇ خىل ئادەت باشقا جايلاردا چەكلىنىپ ئەمەلدىن قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

### مازار

ئىلگىرى دەريا بويىدىكى مازاردا كېرىيە ۋە چىرادىكى يەرلىك كولاش شارائىتى بولمىغان قارقى، شۆول، دامكۇ، گۇلاخماغا ئوخشاش مېيىتنى شەمگوغا دەپنە قىلىدىغان ئادەت بولغان. ھازىرمۇ مازاردا كونا شەمگولارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

### ئۈچىنچى، مەنىۋى ئادەتلەر

1. گۈزەللىك ئادىتى

كىشىلەر ئارىسىدا «دەريا بويى تەبىئىي گۈزەل، دەريا بويىلىقلارنىڭ قەلبى ئۇنىڭدىن گۈزەل» دېگەن سۆز بار.

دەريا بويىلىقلار ھەقىقەتەنمۇ گۈزەللىككە تويۇنغان پاكىز كىشىلەر بولۇپ، شەخسىي تازىلىق، ئائىلە تازىلىقى، كىيىم- كېچەك تازىلىقى ۋە تالانىڭ تازىلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلار «ھەقىقىي گۈزەللىك تەبىئىيلىكتە، ئەخلاق گۈزەللىكى شەرم- ھايادا، ھەقىقىي گۈزەللىك ــــ قەلب گۈزەللىكىدە» دەپ قارايدۇ. گەرچە بۇ يەردىكى چارۋىچىلار نامرات بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئادىدىي كىيىملىرىنى پاكىز، رەتلىك كىيىشكە ئادەتلەنگەن. دەريا بويىغا بارغان ھەر قانداق كىشى خالىغان بىر ئائىلىگە كىرسە، ئادەملەرنىڭ ۋە ئۆيىنىڭ پاكىزلىقىغا قاراپ ھەيران قالىدۇ. دائىم قۇم- بوران ئۇچۇپ تۇرغان، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ئىنتايىن ناچار بۇنداق قۇملۇق رايوندا ئۆيىنى بۇنداق پاكىز تۇتۇش ئاسان ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ يەردىكى ئاياللار ھەر كۈنى ئۆيىنى ئۈچ قېتىم تازىلاپ «چىنىدەك پاكىز» قىلىۋېتىدۇ. بۇنى كۆرگەن ھەر قانداق ئادەمنىڭ



ئۆي ئىچىگە قالايمىقان نەرسە- كېرەك تاشلىغۇسى كەلمەيدۇ. ئەگەر تاشلاپ سالسىڭىز، شۇ ھامان ئۇنىڭ ئېلىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىڭىزچە خىجىل بولماي قالمايسىز.

پاكپاكىز تازىلانغان ئۆينىڭ ئىچى ۋە سىرتى

دەريا بويى ناھايىتى پاكىز يۇرت. ئۇلار «پاكىز يەرگە بەرىكەت قونىدۇ» دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ يەردىكى ئاياللار بىر- ئىككى مو كېلىدىغان ھويلىسىنى پاكپاكىز تازىلاپ تۇرغاندىن باشقا، يەنە ھويلا سىرتىدىكى قۇمساڭغۇ يەرلەرنىمۇ پاكىز تازىلايدۇ. كۆز يەسلىدە ھەتتا ئۆي ئەتراپىدىكى بەش- ئون مو يەرنىمۇ تازىلاپ ئادالايدۇ. قەۋەتلىك ئۆيدە ئولتۇرىدىغان، دائىم ئۆي ئالدىدىكى كىچىككىنە كارىدورنى تازىلاشنى بىر- بىرىگە ئىنتىرىپ يۈرىدىغان بىر دوستۇمنىڭ دەريا بويى ئاياللىرىنىڭ تازىلىق جەھەتتىكى «كارامىتى»نى كۆرگەندىن كېيىن ئېيتقان ھالدا «ئاياللىرىمىزنى بۇ يەرگە ئەكىلىپ پراكتىكا قىلدۇرساق بولغۇدەك» دېگەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

دەريا بويىدا قىز تۇغۇلۇپ 40 سۇيىگە سېلىنغاندىن باشلاپ تاكى تويى بولغىچە بولغان ئارىلىقتا ئانىسى ئۇنىڭ كوكۇلىسىغا يۇمىلاق چاچ قويۇپ، بەشتىن 11 تالغىچە ئۆرۈپ پېشانە، چېكىسىگە ماڭلەي قويىدۇ. ماڭلەي ئەتراپىنى قەرەللىك چۈشۈرۈپ، ماڭلىينى قىرقىپ ياساپ بېشىغا گۈللۈك بۆك كىيگۈزۈپ قويىدۇ. ئەڭلىگە (كىيىمگە) تالما، سەرگەز، خام قاتارلىقلاردىن ئۆرە ياقا قىلىپ تىزىغىچە كېلىدىغان رەسمانىچە كۆڭلەك، تېقىمىغا كەلگۈچىلىك ئىشتان تىكىپ بېرىدۇ. توي قىلغاندىن كېيىن چېچىنى ئۆستۈرۈپ ئىككى تال ئۆرۈپ ياغلىق ئارتىدۇ. پېشانە، چېكە ماڭلىينى شۇ پېتى قويۇپ ياساپ تۇرىدۇ. قىز- ئاياللار ھەر قانداق ۋاقىتتا يالاڭباش يۈرمىگەندىن

2010.4

سىرت، يەنە كېچىسى بېشىغا تۇپىلىك كىيدۇ. جۇۋان تويى
بولغاندا پېشانە، چېكە ماڭلىيى ئارقىسىغا قايرىلىپ چېچىغا
قوشۇۋېتىلىدۇ. قىز ـ چوكانلارنىڭ بۇ خىل گۈزەللىك ئادىـ
تى ھېلىھەم داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

## دەريا بويىدىكى بالىلار

دەريا بويىدىكى قىز ـ چوكانلار ئاساسەن تەبىئىي ما ـ
تېرىياللاردىن پايدىلىنىپ يەرلىك ئۇسۇلدا گىرىم قىلىشقا
ئادەتلەنگەن. ئۇسما، قوي يېغى، جىگدە يىلىمى، سىيادان،
گۈرۈچ سۈيى ئۇلارنىڭ مۇھىم گىرىم بۇيۇملىرى ھېسابلىـ
نىدۇ. 2000 ـ يىللاردىن كېيىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كېرىيە ـ
دىكى قىزلاردىن ئۆگىنىپ ئانچە ـ مۇنچە زامانىۋى گىرىم
قىلىدىغان بولدى. بۇ يەردىكى يىگىتلەرنىڭ گۈزەللىك قا ـ
رىشى بويىچە ئېيتقاندا، «قىزلار ھەر قانچە گىرىم
قىلسۇن، ئۇ يەنىلا گۈزەل ھېسابلانمايدۇ، بەلكى تەبىئىي



گۈزەل، قەلبى گۈزەل قىزلارلا ھەقىقىي گۈزەل» ھېساب ـ
لىنىدۇ. يىگىتلەر بەك قېنىق گىرىم قىلغان قىزلارنى
كۆرسە «مايمۇننى دوراپتۇ» دەپ زاڭلىق قىلىدۇ.

دەريا بويىلىقلار مىللىي ئۇسلۇبتىكى ئەنئەنىۋى كىيىم ـ
كېچەكلەرنى كىيىشنى گۈزەللىكنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى
ھېسابلايدۇ. يات ئەللەرنىڭ كىيىمنى كىيىشنى چاكىنىلىق
دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنە ـ
ۋى كىيىملىرى دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل كىيىم ھېسابلىنىدۇ.

قىز ـ ئاياللار گۈل تۇرىدىكى ھەر قانداق نەرسىنى قە ـ
دىرلەيدۇ. توي ـ تۆكۈن باغاقلىرىدىن گۈل ياساپ ئىشىك
ئەتراپىغا ئېسىپ قويىدۇ. ھەر قانداق بىر ئۆيدە ئاددىي بول ـ
سىمۇ بىر دەستە گۈل بولۇش ئومۇميۈزلۈك ئومۇملاشقان.
شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بەزى ئائىلىلەردە جاۋەن ـ ساندۇقلار ـ
غا ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن.

ئاياللار ئېرى بىلەن تەڭ تۇرۇش، تاكاللىشىش،
گەپ ياندۇرۇشنى نومۇس ھېس قىلىدۇ. ئېرىنىڭ ئىززەت ـ
ھۆرمىتىنى قىلىپ، ئىجىل ـ ئىناق، خۇشال ـ خۇرام ياشايدۇ.
ئېرىدىن بىسوراق سىرتقا چىقمايدۇ. قىز ـ چوكانلار ھەر
قانداق ۋاقىتتا ئېرى، ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە
تونۇش ـ بىلىشلىرىدىن باشقا بىرەر ئەر گەپ قىلسا، ئەرگە
تىكىلىپ قارىمايدۇ. يات ئەرگە تىكىلىپ قاراشنى ھاياسىز ـ
لىق دەپ قارايدۇ. مەن دەريا بويىدا تۇرغان مەزگىلدە
ئىككى قىزغا تېلېفون نومۇرۇمنى يېزىپ بەردىم، لېكىن
ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى مەن نومۇر يېزىپ بەرگەن قە ـ
غەزنى نەق مەيداندا يىرتىۋېتىپ قارىماي كەتتى. بىر
كۈنى دەريا بويىنىڭ كالتە بازىرىدا توي قىلىپ بولغان،
مەن تونۇيدىغان بىر سېكىلەك ئۇچرىدى. ئۇ ماڭا سالام
قىلىپلا كېتىپ قالدى. مەنمۇ شۇنىڭدىن بۇيان بۇ يەردىكى
قىزلارغا قارىمايدىغان «خىجالەتمەن» ئەرگە ئايلاندىم.
چۈنكى كېرىيەدىكى بەزى قىلىقلىرىم بۇ يەرگە ماس كەل ـ
مەيتتى. دەريا بويىدىكى قىز ـ ئاياللار بىر ئەر بىلەن
ياخشى ئۆي تۇتۇپ، ئەرگە مەڭگۇ سەممىي، سادىق
بولۇپ ياشاشنى ئۆزىنىڭ ئەڭ زور مەسئۇلىيىتى ھېسابلاي ـ
دۇ. ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنى ھۆرمەتلىشى كىشىنىڭ بەكمۇ
ھۆرمىتىنى قوزغايدۇ. دەريا بويىغا بارغان كۆپلىگەن كى ـ
شىلەرنىڭ «خوتۇن دېگەن مۇشۇنداق بولسا، ۋاي
ئېسىت» دەپ قېلىشلىرىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك.

### بىر جۈپ قەدىناسلار

گەرچە دەريا بويىدىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى
ماددىي جەھەتتە نامرات بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەنە ـ
ۋى دۇنياسى ناھايىتى باي. ئۇلار نامراتلىقتىمۇ خۇشال
تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ.

## دەريا بويىنىڭ ئۆلىماسى — مەمەتتۇرسۇن ھاجىم

دەريا بويىلىقلار تەبىئەت ناھايىتى گۈزەل، تەبىئەتنى
سۆيۈش ۋە ئاسراشمۇ ناھايىتى گۈزەل دەپ قارايدۇ
ھەمدە بۇنىڭغا ئەمەل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە كۆك
ئاسمان، ئالتۇن رەڭ تەكلىماكان، گۆرگۈن دەريا، شە ـ
پەقتەك يۇلغۇن، ئاتا سۈپەت توغراق، ياپيېشىل يايلاق،
ئەركە قۇش، ئوماق ھايۋاناتلار بىلەن باراق ۋە تەكى
جەمەتىدىكىلەر ئۆزئارا بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن. ئۇلار
مۇشۇ بىرلىك ئىچىدە ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى خېلى بۇ
رۇنلا تونۇپ يەتكەچكە، ئانا تەبىئەتنى ئالاھىدە ئۇلۇغ ـ

لايدۇ ھەم سۆيىدۇ. دەريا بويىلىقلارنىڭ تەبىئەتتىن ئالغان نېسۋىسىدىن تەبىئەتكە تەقدىم ئەتكەن ماددىي ۋە مەنەۋى ئېنېرگىيەسى زور. تەكلىماكاندىكى جىمجىتلىق، پاكلىق، كەڭلىك ۋە يالغۇزلۇق ئۇلارنىڭ ئاق كۆڭۈل، كەڭ قورساق، ئاددىي ـ ساددا، سەمىمىي، مەرد خاراكتېرىنى يېتىلدۈرگەن. قىممەتلىك تەبىئەت ئالدىدا ئۇلار ئۈچۈن ئالتۇن، پۇل ـ پۇچەك ئانچە ئەتىۋار ئەمەس. لېكىن ئۇلار ئۈچۈن تارىم ۋە تەكلىماكان ئالتۇندىن تىلەنگەن تاغدىنمۇ قىممەت. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل جايمۇ تەكلىماكان ياكى تارىمدەك گۈزەل ئەمەس. ئەگەر سىز ھەر قانداق بىر ئاددىي دەريا بويىلىقتىن: — دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ گۈزەل جاي قايسى؟ — دەپ سورىسىڭىز، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەيلا، — تەكلىماكان بىلەن تارىم، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ يەردىكى بىر ئۇزۇن ئۆمۈر چولپىنى ماڭا مۇنداق بىر سۆزنى قىلغان ئىدى:

— دۇنيادىكى نۇرغۇن جايلارنى كەزگەن بەزى ئېسىل قۇشلار قېرىغاندىن كېيىن، ئۆلۈش ئالدىدا ئەڭ ئۇلۇغ جايدا ئۆلۈشنى ئويلايدىكەن، ئۇلار غېرىبلىق قاپلىغان مۇڭلۇق كۆزلىرىنى ھەر تەرەپكە تىكىپ ئاخىرىدا تارىمنى تاللايدىكەن. شۇڭا بۇ يەردە ئۆلۈكنى باشقىلاردىن يوشۇرىدىغان نۇرغۇن ئەتىۋارلىق قۇشلارنىڭ تاپلىرى بار ئىكەن. ئاددىيسى قۇشلار شۇنداق قىلغان يەردە، بىزدەك مەڭگۈ تارىم ئەۋلادى بولغان دەريا بويىلىقلار ئاخىر مۇشۇ جەننەتتە كىرىشنى ئويلايمىز. ئۇ چاغدا بار خانىلار قەبرىمىز، يۇلغۇن ـ توغراقلار خادىمىز، تارىم دەرياسى روھىمىز بولىدۇ، بىز ئۆلگەندەك قىلغان بىلەن لېكىن مەڭگۈ ئۆلمەيمىز.

ئەزەلدىن تەبىئەت بىلەن ئۆزلىرىنى بىردەك ھېسابلايدىغان دەريا بويىلىقلارنىڭ تەبىئەتنى سۆيۈش ئادىتى كۆرۈنەرلىك ئارتۇقچىلىققا ئىگە. بۇ تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

1 ) دەريا بويىلىقلار ھەر قانداق شارائىتتا تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۆرگە ئايرىپ كۆمۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ. تەرەتخانا، ھاجەتخانا، ئېغىل، سۇيۇندەخانا، تونۇر، گۈلخان، قوما، سەچى، ئازگال، سۇخانا قاتارلىقلار ئۆي ئەتراپىدىكى مۇۋاپىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بىر ـ بىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 20 ـ 30 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ.

دەريا بويى ئاھالىلىرى تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى ئۆز تەرتىپى بويىچە بەلگىلەنگەن ئورۇنغا قويىدۇ. سۆڭەك، يۇندى بىلەن كۆلنى، ئەخلەت تۇرىدىكى نەرسىلەر بىلەن باشقا خىلدىكى نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرمايدۇ. يۇقىرىقى نەرسىلەر كۆپەيگەندە ئايرىم ـ ئايرىم كاتەك كولاپ كۆمۈپ قويىدۇ.

سۇخانا، يالاق، خالا، قوما، مۇشۇك ئۆيى، كۆلخانا، تونۇر، سەچى، قۇدۇق، ئوتۇنخانا، ئوت ـ چۆپخانا، قوتان، ئەخلەتخانا، چوڭ ئوچاق.

2) دەريا بويىغا بارغان ھەر قانداق بىر كىشى مۇھىتنىڭ ھېچقانداق بۇلغانمىغانلىقىنى، ناھايىتى پاكىز ھەم گۈزەل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. يول، يايلاق ياكى قومۇلۇقلاردا باشقىلار تەرىپىدىن تاشلانغان قەغەز، بوتۇلكا قاتارلىق نەرسىلەرنى بايقىسا ئېلىپ كېلىپ مۇۋاپىق جايغا بىر تەرەپ قىلىدۇ.

3) يەرلىك ئاھالىلەر بازار ۋە ئادەمگەرچىلىك سورۇنلىرىدا بىرەر كېرەكسىز نەرسىنى تاشلىماقچى بولسا ئالدى بىلەن يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ، كېيىن ئۇنى ئۆز جايىغا تاشلاپ بىر تەرەپ قىلىدۇ.

4) دەريا ـ ئېقىن، قۇملۇق، ئورمان، يايلاق قاتارلىقلارنى بۇزۇش، بۇلغاش خاراكتېرىدىكى ھەر قانداق ھەرىكەتنى چەكلەيدۇ.

5) گەندە، بەلغەم ـ تۇكۈرۈك، ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ تاپلىرىنى ئۇچراتسا كۆمۈپ قويىدۇ.

6) خىمىيەلىك، بۇلغانغان، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن نەرسىلەردىن ھەر ۋاقىت يىراق تۇرىدۇ ھەمدە ئۇنى دەريا بويىغا ئاسانلىقچە يولاتمايدۇ.



7) ھەربىر ئائىلىدە كەم دېگەندىمۇ بىردىن ئارتۇق مۈشۈك بار، ئۇلار بۇ مۈشۈكلەرنى ناھايىتى ئەتىۋارلاپ باقىدۇ. ئۇلار مۈشۈكنى مىش دەپ ئاتايدۇ. تۇغگۇز باشتىنىڭ شەشكىن ئاربىغان دېگەن يېرىدە ئولتۇرۇشلۇق رىجەپ بەكرى ئائىلىسىدە ئۈچ مۈشۈك بار بولۇپ، ئۇ بۇ مۈشۈكلەرگە ئايرىم ئۆي سېلىپ بەرگەن. مۈشۈكنىڭ ئۆيى ناھايىتى چىرايلىق بېزەلگەن بولغاچقا، كىشىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرىدۇ. ئەڭ جەلپ قىلارلىق يېرى شۇكى، بۇ مۈشۈكلەر مەخسۇس توقۇلغان چىرايلىق گىلەم پارچىسى ئۈستىدە شاھانە تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. رىجەپ بەكرىنىڭ ئايالى مەيمۇنىخان بۇ مۈشۈكلەرگە ھەر كۈنى ئۈچ ۋاخ تاماق، سۇ بېرىش بىلەن بىرگە، مۈشۈكنىڭ ئۆيىنى تازىلاپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، قىش كۈنلىرى ئۇلار مۈشۈكنىڭ ئۆيىنى كىچىك يوتقان- كۆرپە بىلەن يېپىپ قويىدىكەن. بۇ «بەگ زادە» مۈشۈكلەر بەزىدە رىجەپ بەكرىنىڭ ئۆيىدە يەپ- ئىچىپ ئوينىسا، ۋاقتى كەلگەندە ئۆزىنىڭ «شاھانە ئوردىسى»غا قايتىپ دەم ئالىدىكەن. مۈشۈنداق قىلغاندا ئۆينىڭ مۈھىتىغا ۋە مۈشۈكلەرنىڭ تازىلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىكەن.

بۇنىڭدىن باشقا دەريا بويىدىكى ئاھالىلەر يەنە ھەر خىل جان- جانىۋار، ئۇچار قۇشلار بىلەن دوست بولۇپ، ئۇلارنى خالىغانچە تۇتۇپ ئۆلتۈرمەيدىكەن. بۇنداق جانىۋارلارنى ئۆلتۈرسە «قولى تىترەيدىغان بولۇپ قالىدىكەن». ھەتتا ئۇلار 1990- يىلىغا قەدەر دەريا- كۆللەردىكى بېلىقلارنىمۇ تۇتمايدىكەن. قارلىغاچنى ناھايىتى ئەتىۋارلاش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ، ئالدىن ئۇۋا تەييارلاپ قويىدىكەن. بەزى قۇش ۋە ھايۋانلارنى ئەركىلىتىپ ئۇلارنى ئۆزگىچە چىرايلىق ناملار بىلەن ئاتايدىكەن. گەرچە دەريا بويى يىلدىن- يىلغا چۆلدەرەپ كەتسىمۇ، لېكىن بۇ يەر يەنىلا جان- جانىۋارلارنىڭ جەننىتىگە ئايلانغان.

**تۆتىنچى، ئۆزگىچە ئادەتلەر**

1. قىزلارنىڭ پەچاق ساقلاش ئادىتى

بۇرۇنقى زاماندا دەريا بويىدا بالاغەتكە يەتكەن ھەر قانداق بىر قىز تويى بولغانغا قەدەر ئۆز يېنىدا پەچاق ساقلاپ كەلگەن. بۇ ئادەتتىكى غىلاپلىق كىچىك پەچاق بولۇپ، قىزلار ئۇنى يانچۇقىدا ياكى ئۇزۇن يىپ بىلەن باغلاپ ئېسىپ ساقلىغان. ئۇلار بۇ پەچاقنى يالغۇز قوي باققىلى سىرتقا چىققاندا ياكى ئۇزۇن- قىسقا سەپەرگە ماڭغاندا يات جىنسىتىكىلەرنىڭ ئۆزىگە خىرىس قىلىشىدىن ساقلىنىش، قىزلىق غۇرۇرىنى ساقلاش، ئۇخلاشتىن بۇرۇن سۇرە- ئايەتلەرنى ئوقۇپ بېشىدا قويۇش ۋە زۆرۈر ئەھۋالدا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىگە ئىشلىتىش ئۈچۈن ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان. توي قىلىپ باللىق بولغاندىن كېيىن بوۋىقى يالغۇز قالغاندا «جىن قېقىۋالىدۇ» دەپ قاراپ، بېشىدا پەچاق قويىدىغان ئەھۋالمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا دەريا بويىدىكى قىزلارنىڭ سىرتقا يالغۇز چىقىشى پەۋقۇلئاددە زۆرۈرىيەت. مەسىلەن، تۇيۇقسىز ئۆلۈم- يېتىم، كەلكۈن ئاپىتى، مال- چارۋا بېقىش قاتارلىق جەريانلاردا ئىنتايىن كەم كۆرۈلىدىغان ئەھۋال بولسىمۇ، لېكىن، پەچاق ساقلاشتىن ئىبارەت بۇ خىل ئەنئەنىۋى ئادەت، ئەخلاق كاتېگورىيەسىدە ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ، ئەخلاقىي چىركىنلىك ۋە ئەخلاقىي بۇزۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا كۆرۈنەرلىك رول ئوينىغان.

1911- يىلى دەريا بويىدا تۇغۇلغان سىدىق ئىبراھىم ئۆلما كىشى ئىدى. ئۇ ئاتىسى ئىبراھىم باراقتىن ئاڭلىغان ھەم ئۆزى ئۇچراتقان قىزلارنىڭ پەچاق ساقلىشىغا دائىر ئەھۋاللارنى 1989- يىلى 11- ئايدا مارجانلىق خارابىسىگە بارغان مېھمانلارغا سۆزلەپ بەرگەن. ئىبراھىم باراقنىڭ ئوغلى سىدىققا سۆزلەپ بېرىشىچە: ئىبراھىم باراق توي قىلغان كۈنى ئۇنىڭ 15 ياشلار چامىسىدىكى خوتۇنى ئۆزى تۆت يىلدىن بۇيان ساقلاپ كەلگەن پەچاقنى ئېرى (ئىبراھىم باراق)غا تاپشۇرۇپ بەرگەن ئىكەن. كېيىن 1926- يىلى سىدىق ئىبراھىم توي قىلغاندىمۇ ئوخشاشلا خوتۇنى ئۇنىڭغا ئۆزى ساقلاپ كەلگەن پەچاقنى تاپشۇرۇپ بەرگەن. سىدىق ئىبراھىمنىڭ باياناتلىرىغا قارىغاندا، بۇنىڭدىن 100 يىل، ھەتتا 200 يىللار ئىلگىرى دەريا بويىدا قىزى بالاغەتكە يەتكەن ئائىلىدە ئاتا- ئانا بولغۇچى قىزىغا پەچاق ھەدىيە قىلىدىغان ئادەت بولغان. ئانا بولغۇچى قىزىغا پەچاق تاپشۇرغاندا مۇنداق ۋەسىيەت قىلىدىكەن:

— قىزىم سەن يالغۇز قالغاندا پەچاقنى دوست تۇتۇپ ئۇنىڭ بىلەن قىزلىق غۇرۇرۇڭنى ساقلا. ئەگەر قىزلىق غۇرۇرۇڭنى ساقلىيالمىساڭ مۇشۇ پەچاق بىلەن ئۆزۈڭنى ئۆلتۈرۈۋال. تويۇڭ بولغاندا پەچاقنى ئېرىڭگە تاپشۇر، شۇنداق قىلالىساڭ ئاناڭنى دورىغان بولىسەن،



بىز سەندىن مەڭگۈ رازى بولىمىز.

تويى بولغاندا ئىبرىگە پىچاق تاپشۇرۇش شۇ قىزنىڭ بۇلغانمىغان، ھەقىقىي، ساپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بەلگە بولۇپ كەلگەن.

مەن ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا قارىغاندا قىزلارنىڭ پىچاق ساقلاش ئادىتى دەريا بويىدا خېلى بىر مەزگىلگىچە داۋاملاشقان. ئەمما، 1930 ـ يىللاردىن كېيىن، بۇ ئادەت تەدرىجىي ئەمەلدىن قالغان. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئىلگىرى دەريا بويىدا قىزلارنىڭ پىچاق ساقلاش ئادىتى بارلىقىنى بىلىدىغان كىشىلەر ئاساسىي جەھەتتىن قالمىغان. يېڭى بىر ئەۋلاد دەريا بويىلىقلار بۇ جەھەتتە ھېچقانداق چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس بولۇپ، ئۇلار قىزلارنىڭ پىچاق ساقلاش ئادىتىنى ئاڭلىسا ھەيرانلىق ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالغان. ئەمما دەريا بويىنىڭ ئۆمۈر چولپىنى مەدتوختى خارەت قاتارلىق ئاز بىر قىسىم ياشانغان كىشىلەرلا بۇ خىل ئادەتنى ئازراق ئەسلەپ بېرەلەيدۇ.

مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر دەريا بويىدا ئۇزاق مۇددەت داۋاملىشىپ كەلگەن قىزلارنىڭ پىچاق ساقلاش ئادىتى قىزلارنىڭ ئەخلاقىنى ھاياتىدىنمۇ يۇقىرى كۆرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

2. ئوتنى ئۇلۇغلاش ۋە چوغ سوراش ئادىتى

دەريا بويىدا شامان دىنىنىڭ قالدۇق ئىزنالىرى بىر قەدەر قويۇق دەرىجىدە ساقلىنىپ كەلگەن. ئۇ ئاساسلىقى ئوتنى ئۇلۇغلاش ۋە ئوت سوراش ئادىتىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئوت — دەريا بويىلىقلارنىڭ تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلار ئوچاقنى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوتنى چۆرىدەپ ئولتۇرىدۇ. مېھماننى ئالدى بىلەن ئوتنىڭ يېنىغا باشلاپ كۈتۈۋالىدۇ.

ئازادلىقتىن بۇرۇن يەرلىك ئاھالىلەر تارشا گۈگۈت (يەرلىكلەر ئۆزى ياسىغان سەرەڭگە) ئىشلىتىش ئارقىلىق ئوت ھاسىل قىلغان. ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە يەرلىك ئۇسۇلدىكى ئوتدانىنى كەشىپ قىلىپ ئوت تۇتاشتۇرۇپ كەلگەن. ئوتدان ئادەتتە ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر، كەڭلىكى يېرىم مېتىر كېلىدىغان ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئەسۋاب بولۇپ، تاش چاقچا ئورنىتىلغان ئىككى تانىنى ئوك ۋە سول قولدا نۆۋەتلىشىپ تارتىش ئارقىلىق توغراق پورى چوغلاندۇرۇلىدۇ. چوغ ئوچاققا ئېلىپ كىرىلىپ ئاسان ئوت ئالىدىغان نەرسىلەر بىلەن ئوتلاندۇرۇلىدۇ. دەريا بويىلىقلار بۇرۇن ئىشلەتكەن ئوتدان ھازىرقى كۈندە بەزى كىشىلەر ئۆزى ياساپ ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان پىچاق چاقلاش ئەسۋابىغا بىر ئاز ئوخشايدۇ.

يەرلىك كىشىلەر ئوت ئۆچۈرمەسلىكنى بىر خىل ئادەت (ئۇدۇم) قىلىپ كەلگەن. بەزى ئائىلىلەر ئوت ئۆچۈرمەسلىك ئۈچۈن يۇلغۇن ياكى توغراقنىڭ ئەڭ قاتتىق يېرىنى پارچىلاپ، ئۇنىڭغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى يەنە دەرھال ئۆچۈرۈپ چوغ ھالەتتە ئوچاقتىكى كۈل ئارىسىغا كۆمۈپ ساقلايدۇ. ئادەتتە بۇ خىل چوغ بىر ـ ئىككى كۈنگىچە ئۆچۈپ قالمايدۇ. ئوچاق دائىم چوغلىنىپ تۇرغاچقا، ئوت تۇتاشتۇرۇش قولايلىشىپ ئوت ئۆچۈرمەسلىكنىڭ شەرتى ھازىرلىنىدۇ. بىرەر كىشى قازا قىلسا شۇ ئائىلىدە 40 كۈنگىچە، ھەتتا بىر يىلغىچە چوغ ياكى ئوت ئۆچۈرۈلمەي ساقلىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە يەرلىك كىشىلەر ئوت ياكى چوغنى قازا قىلغۇچىنىڭ روھى بىلەن باغلاپ، ئوت بىلەن چوغنى ئۆچۈرمەسلىكنى قازا قىلغۇچىنىڭ روھىنى ئۆچۈرمىگەنگە تەڭ دەپ قارايدۇ.

## دەريا بويىلىقلار ۋە ئوت

ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇرۇن دەريا بويىدا ئوتنى ئايلىنىپ پىر ئويناشتەك كونا ئادەت بولغان. يېقىنقى زامانغا كەلگەندە بۇ خىل ئادەت يوقىلىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئورنىنى بولسا گۈلخان سەيلىسى ئىگىلىگەن. 1930 ـ يىللارغا قەدەر بۇ يەردە گۈلخان سەيلىسى ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەن.

گۈلخان دەريا بويىدا تاق سان بويىچە 1 ـ 3 ياكى 5 ـ 7 بولىدۇ. قېرى ـ ياش، ئەر ـ ئاياللار قولنى ـ قولغا تۇتۇشۇپ، گۈلخاننى چۆرىدەپ ئايلىنىدۇ ھەم ناخشا ـ قوشاق ئېيتىشىدۇ. كېيىن گۈلخان مەشرىپى ئۆتكۈزۈلىدۇ. گۈلخان سەيلىسى ھەر يىلى 10 ـ ئاي ئەتراپىدا نۆۋەتلىشىپ ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىنگەن. 1980 ـ يىللاردىن كېيىن گۈلخان سەيلىسى

سىرتتىن كەلگەن مېھمانلارنى قارشى ئېلىش شەكلىگە ئۆزگە-رىپ، ئەسلىدىكى يەرلىك خاسلىقنى يوقاتقان.

ئىلگىرى دەريا بويىدىكى چارۋىچىلار ئارىسىدا يامان چۈش كۆرسە، غەيرىي شەپە ئاڭلانسا ياكى كۆزىگە بىرەر غەيرىي نەرسە كۆرۈنسە شۇ يەردە جىن-شاياتۇن بار دەپ قارايدىغان ئەھۋال ساقلانغان. ئۇلار بۇنداق «گۇمانلىق» ئورۇنلارغا چالمىدىن قازان ياساپ ماز (پاختا) ۋە رەخت پارچىلىرىنى كۆيدۈرگەن. چالما قازان يېنىغا لاتا قونچاق، نان قويۇپ قويغان. بەزىدە جىن-شا-ياتۇنلارنىڭ روھىغا ئاتاپ ئىسرىق سالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولغان. بەلكى بۇ، كونا دىنىي مەدەنىيەتنىڭ دەريا بويىدا ساقلىنىپ قالغان قالدۇق ئالامەتلىرى بولۇشى مۇمكىن.

بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا دەريا بويىدا چوغ سوراش بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك ئەھۋال بولۇپ، چوغ ياكى ئوتى ئۆچۈپ قالغان ئائىلىلەر بىر-بىرىدىن چوغ سوراپ ئىش-لەتكەن. خۇددى ئەجدادلىرىمىز «چوغ سورىغنى كۆڭۈل سورىغنى» دەپ ئېيتقىنىغا ئوخشاش، كېيىنچە بۇ خىل چوغ سوراش كۆڭۈل سوراش خاراكتېرىنى ئالغان. بەزى پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە بىر يىگىت بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ ئۇنىڭغا كۆڭلىنى ئىزھار قىلماقچى بولسا قىزنىڭ ئۆيىگە چوغ سوراپ كىرىدىغان، بىر ئائىلە يەنە بىر ئائىلىنىڭ قىزىنى كېلىن قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكسە چوغ سوراپ كىرىدىغان ئادەت بولغان ئىكەن. يىگىت تەرەپ قىزنىڭ بېشىنى باغلاش ئۈچۈن كەلگەندە چوغ ئالغاچ كېلىدىكەن. قىز تەرەپنىڭ ئاتا-ئانىسى قارشى تەرەپنى مۇۋاپىق كۆرگەن بولسا چوغ سوۋغا قىلىدىكەن. چوغ قىزغىنلىق، ئىجىل-ئىناقلىق ۋە كۆڭۈلنىڭ بەلگىسى ئىكەن. 1960-يىللارغا قەدەر چوغ سوراش، چوغ تەقدىم قىلىش ئادىتى ساقلىنىپ كەلگەن.

دەريا بويىدا ئوت بىلەن چوغ مېھىر-مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئۇلۇغلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئوتقا دەس-سىگەن، چوغ ئۆچۈرگەن كىشىلەرنى يامان كۆرىدۇ. بۇ يەردىكى ئوت خۇددى تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوتقا ئوخ-شايدۇ. مەن 1992-يىلى يازغان «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت» ناملىق ئەدەبىي ئاخبارات ۋە 1988-يىلى يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت» ناملىق شېئىرىمدا دەريا بويىلىقلارنىڭ ئوت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەسۋىرلىگەن ئىدىم. 2003-يىلى دوستۇم ئۆمەر-جان ئىمىن «قۇملۇق ئەركىسى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى»نى تەشكىللەپ دەريا بويى توغرىسىدا كىتاب يازغىلى كەل-گەندىمۇ ئۇنىڭغا دەريا بويىلىقلارنىڭ ئوتنى ئۇلۇغلاش ئا-دىتىنى مەخسۇس تونۇشتۇرغان بىلەن بىرگە، كىتابىنىڭ باش تېمىسىنى «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت» دەپ قويۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن ئىدىم. ئۇ دەريا بويىغا بارغان-دىن كېيىن ئوتقا دائىر ئەھۋاللارنى كۆڭۈل قويۇپ تەكشۈ-رۈپ ھەم ئىگىلەپ، دەريا بويىلىقلارنىڭ ئوتنى ئۇلۇغلاش ئادىتىنى ناھايىتى ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى ھەمدە «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت» ناملىق ئىلمىي ئەسەر ئارق-لىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يېڭى ئەسىردىكى «دەريا بويى قىزغىنلىقى»نى يۇقىرى كۆتۈردى.

**بەشىنچى، ئۆلچەم بىرلىكى ئادىتى**

1. ئۆلچەم بىرلىك ئادىتى

(1) ئۇزۇنلۇق ۋە ئېگىزلىك: تىرناق، غېرىچ، غۇلاچ، ماڭدام، ئادەم بويى، ئارغامچا بويى، توغراق بويى، يۇلغۇن بويى، نەيزە بويى.

(2) ھەجىم بىرلىكى: بىر يۇدە، بىر كۇرە، كاپام، ئا-لىقان، بىر هارۋا، قۇچاق، يۆگەم، بىر دۆۋە، توغرام.

(3) مۇساپە، ئارىلىق بىرلىكى: كۆز يېتىم يەر، ئات چاپتۇرۇم يەر، بىر ئاش پىشىم يەر، بىر كۈنلۈك يول، يېرىم كۈنلۈك يول، ئىشە، مىششە، ئاشە، بىر تاناپ، بىر قۇم، ئىككى قۇم.

(4) ئېغىرلىق بىرلىكى: پاتمان، چارەك، يېرىم چارەك، ئىششەك، نىمشەك، جىڭ، سەر، مىسقال.

(5) ۋاقىت بىرلىكى: بىر ئاش پىشىم، ساي، بايا، ھېلى، ئالەم زەگۈن چاغدا، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە، بىر تىنىپ بولغۇچە، ھايت-ھۇيت دېگۈچە، بىر ئۇخلاپ قوپ-قۇچە، كۈن چىقاي دېگەندە، يۇلتۇز كۆرۈنگەندە، توغراق سارغايغاندا، بىر چاغ، ئوغاق ئاي، سېرىق شامال چىققان-دا، تۇڭگان كەلگەندە.

6. تەنتەربىيە ۋە ئويۇنلار

ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ئويۇنلىرى: ئوغلاق تارتى-شىش، مەررە ئويۇنى، ئۆتكەمتكام، غىتتاڭ-غىت، ئاق تېرەك-كۆك تېرەك، گاگا، كاتەك ئويۇنى، توپۇق ئويۇ-نى، تەپكۈچ، قاپاق كۆيدۈرۈش، سەيپاق ئويۇنى، مۆكۈ-مۆكۈلەڭ.

(ئاپتور: كېرىيە ناھىيەلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەش-مىسىدە)



# قومۇل كەشتىچىلىكى

پاتىگۈل قاسىم

قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ كەشتىچىلىك سەنئىتى ئۇيغۇر مەدەنىيەت بېغىدا جۇلالىنىپ تۇرغان بىر دەستە گۈلگە ئوخشايدۇ. تۇنجى نۆۋەتتە بايقىغان ھەرقانداق زېھنى ئۆتكۈر بىر كىشى، خۇددى مەدەنىيەت جۇغراپىيەسى خەرىتىسىدە ئۇشتۇمتۇت بىر سىرلىق رەقەمنى ئۇچرىتىپ قالغاندەك قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ قول-ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتى كەشتىچىلىكنى ناھايىتى تاسادىپىيلىق ھېس قىلىدۇ.

قومۇل رايونىدا كەشتىچىلىكنى ئاتاش ئاتالغۇسى ئۆزگىچە بولۇپ، ئادەتتە چاچمىچىلىق دەپ ئاتايدۇ. بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى بولسا چاچمىچى دەپ ئاتايدۇ. كەشتىچىلىكنىڭ قومۇل رايونىدىكى بۇ خىل ئاتىلىشىغا نىسبەتەن يازما تارىخىي ماتېرىياللار يوق بولۇپ، بۇ «چاچما» دېگەن سۆزنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشى ئىكەنلىكى ئېنىق. ئەمما كەشتىچىلىك مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ھەرخىل گۈل-گىياھ ۋە باشقا گېئومېتىرىك شەكىللەرنى رەخت ۋە باشقا ئەسۋاب-جابدۇقلار ئۈستىگە مەلۇم نىسبەت بويىچە چېچىپ تۇرۇپ كەشتىلىگەن ھۈنەر ماھارىتى بولغاچقا، بۇ سۆز ئەسلىدە «چاچما» دەپ ئاتالغان. يەنە بىر ئېھتىماللىق شۇكى، پارس تىلىدا «چاچما» كۆز دېگەنلىك بولۇپ، كەشتىچىلىكتە رەخت ۋە باشقا نەرسىلەر ئۈستىگە تۈرلۈك نەقىشلەرنى تىكىش ئارقىلىق ئۇلار ئېچىلدۇرۇلۇپ گۈزەللەشتۈرۈلىدىغان بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن ھەمدە كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ چاشما يىپ، چاچمىچى، چاچما بۇيۇملىرى بولسا چاشما دوپپا، چاچما ياستۇق، چاچما يوتقان-كۆرپە... دېگەندەك ناملار بىلەن ھازىرقىدەك ھالەتكە كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

قومۇلدىكى پېشقەدەم چاچمىچىلارنىڭ ئېيتىشىچە 8-ئەۋلاد قومۇل ۋاڭى مېھرىبانۇ پۇجىن ۋاڭ (1867 ـ 1881) ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرلەردە ئوردا ئىچىدە چاچما ياستۇق، چاچما دوپپا، چاچما چاپان، چاچما كۆڭلەك، چاچما ياغلىق قاتارلىق كەشتە بۇيۇملىرى تىكىلىپ، كىيىش

ۋە ئىشلىتىش ئاستا-ئاستا ئومۇملاشقان. كېيىنچە چاچمىچىلىق سەنئىتىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ چاچما تولۇق ياستۇق، چاچما پەر ياستۇق، چاچما يوتقان-كۆرپە قاتارلىق نۇرغۇنلىغان چاچما تىكىلگەن تۇرمۇش بۇيۇملىرى مەيدانغا كېلىپ، قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ كەشتىچىلىك سەنئىتى تەدرىجىي كېڭەيگەن ھەم تەرەققىي قىلغان.

قومۇل چاچمىچىلىقى ئۇيغۇر كەشتىچىلىك سەنئىتىنىڭ ئانىسى بولغان يىڭنە كەشتىچىلىككە مەنسۇپ بولۇپ، شەكلى خىلمۇخىل، ئۆزىگە خاس يەرلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇ تاللىنىدىغان سۇژىتى، شەكىل چىقىرىش ۋاستىسى، گۈل بېزەكلىرىنى قۇراشتۇرۇشتا خىلمۇخىل رەڭلەر بىلەن ئىشلىنىشى جەھەتتە يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەن. چىمەنگۈل، جۇخار، يالاڭ مودەن، يېرىم مودەن، قات مودەن، لەڭخار، پۇشيۇ (لەڭخار پۇشيۇ، پەجىم پۇشيۇسى)، مخار (بىر يېرىم مخار، چىگمەن — تاغلىق رايونلاردىكى ئاتىلىشى) ئانار، بېھى، بۇغداي گۈل، كىرپە گۈل (ھازىر بارلىققا كەلگەن)، چاچما گۈل، نارىش، بادام، پىلدىرغاي قاتارلىق گۈل نۇسخىلىرىدا ئىشلىنىدۇ ھەم مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن باشقا رايونلار كەشتىچىلىكىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

**قومۇل چاچمىچىلىقىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى**

قومۇل چاچمىچىلىقىدا ئىشلىنىدىغان سايمانلار:

يىڭنە ← چەشمە يىڭنىسى ئادەتتە يىڭنىلەرنىڭ ئەڭ كىچىك، ئىنچىكىسى، نومۇرى بويىچە 4-، 5-نومۇرلۇق يىڭنە ئىشلىتىلىدۇ.

پىلتىقۇچ ← توم سىمنى پىچاق، چاقلارغا تۇتۇپ، قومتاشلارغا سۈركەپ ئىنچىكىلەتكەندىن كېيىن تۆتتىن بىر قىسمىنى يەنى، قول بىلەن تۇتۇلىدىغان جايىغا ياغاچ بىلەن تۇتقۇچ ئورنىتىپ ياسىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، چاچما دوپپا قاتارلىقلارنىڭ ئەستىرىگە پىلتە بېرىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

پىچاق ياكى قەلەي ← پىچاق ئادەتتە ئىشلىتىلىدىغان پىچاق بولسا بولىدۇ. قەلەي بولغاندا تاملارغا زاماسكا سۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان قەلەي بولسا بولىدۇ، چاچما رەختىگە، ئەستىرىگە شىلىم سۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ.

ئويماق ← كۆرسەتكۈچ بارماقنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ئاساسەن قېلىن ياكى يۇمشاق خۇرۇمدىن تىكىلىدۇ. رولى: ئىش ئۈنۈمىنى تېزلىتىش، قولنى ئاسراش.

قېلىپ ← دوپپا شەكلىدە، باشقا كېلىدىغان قىسمى كاۋاك قېلىپ ياغاچتىن ياسىلىدۇ. ئىلگىرى بەزىلەر باشنىڭ شەكلىدىكى يۇمىلاق قاپاقلارنىمۇ قېلىپ ئورنىدا ئىشلەتكەن. رولى: دوپپا پۈتكەندىن كېيىن شەكلىنى چىقىرىش رولىنى ئوينايدۇ.

ئويۇق قايچىسى ← مەخسۇس كىچىك قايچا ئىشلىتىلىدۇ.

دەزمال ← ئاساسەن قەدىمكى تۆمۈر دەزماللار بولۇپ، ھازىرقى زامان دەزماللىرىنىڭ شەكلىگە ئوخشاش كىچىكرەك، ئوتقا سېلىپ ئىشلىتىلىدۇ. رولى: شىلىم سۈرۈلگەن رەخت بىلەن ئەستەرگە دەزمال سېلىپ رەختنى تۈزلەش، تىكلىتىش رولى بار، ھازىرمۇ قومۇلدا كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىۋاتىدۇ.

چاچمىچىلىقتا كېتىدىغان ماتېرىياللار:

تەك رەخت ← دۇخاۋا، يىپەك، زەرۋاپ رەخت. تەك رەخت ئاساسەن تىكىلىدىغان چاچما بۇيۇمنىڭ تۈرىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

يىپ ← چاچما يىپ، كالاۋۇتون يىپ، جىڭلۇڭ يىپ (ئارىلاشما)، سويزا يىپ (پاختا يىپ)، شۇتە (پاختا يىپەك ئارىلاشمىسى).

قەغەز ← سىرىق تاختا چاي قەغىزى، ئاق قەغەز. رولى: ئويۇق ئويۇش (گۈل نۇسخىسىنى چىقىرىش)، پىلتە بېرىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

مۇگۈۋي (شىلىم) ← بۇغداي ئۇنى سۇ بىلەن تەييارلىنىدۇ. رولى: چاچما تىكىلگەن رەختنى، ئويۇقنى، ئەستەرلىكنى قېتىش رولىنى ئوينايدۇ.

ئويۇق ← گۈل نۇسخىسى.

ئەستەر ← چاچما تىكىلگەن رەختنىڭ ئىچىگە ئورنىتىلىدۇ.

قومۇل چاچمىچىلىقىدا ئىشلىتىلىدىغان ئاتالغۇلار:

تەيتۇللا دوپپا ← بۆك تۆپىسى بىلەن كېزىكى ئايرىم، قولدا شىرىلىپ پىلتە بېرىپ ئىشلىنىدۇ. ئاستىغا قارا دۇخاۋا ياكى تاۋاردىن توقۇش تۇتۇلىدۇ، تۆت تالاسىغا ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن جىيەك گۈل تاقىلىدۇ.

زەرباب دوپپا ← ھازىرقى ناچارراق زەربابتىن تىكىلىدىغان دوپپا.

تەقىي ← كۆپ قىسمى سىدام، جىيەككە كالاۋۇتون يىپتىن چاچما تىكىلىدىغان مەخسۇس كىچىك باللار باش



كىيىمى.

ئۆرە بۆك ← گۈللىرىنىڭ ھەممىسى كالاۋۇتون يىپتىن چاچما تىكىلىدىغان ئايالچە بۆك. ئالدىغا ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن سەگىنچە ئورنىتىلىدۇ، تۆپىسى چوڭراق.

چاچما دوپپا ← كىزەك ۋە تۆپە قىسمىدا چاچما تىكىلىدىغان ئەر-ئاياللار باش كىيىمى.

توقۇش ← ھەر خىل دوپپىلارنىڭ گىرۋەك قىسمى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تىكىدىغان جىيەك.

تۆۋىلىك (تۆپىلىك)← دوپپىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى.

كىزەك ← دوپپىنىڭ تۆۋەنكى ئايلانما قىسمى.

ئەستەر ← ئىچلىك، دوپپىنىڭ ئىچىگە تارتىلىدىغان رەخت.

پىلتە ← دوپپىنىڭ تۆپىلىكى بىلەن كىزىكىنىڭ ئەستىرىگە پىلىك قىلىپ بىرىلىدىغان قەغەز.

ئويۇق باسماق ← گۈل نۇسخىسىنى رەختكە چاپلىماق.

توقۇش تۇتماق ← جىيەكنى كىزەككە ئورناتماق.

توقۇش قاتۇرماق ← جىيەك بىلەن كىزەكنىڭ ئىچىگە پىلتە بېرىپ، شىلىم بىلەن قاتۇرۇپ تىكمەك.

قوندۇرماق ← دوپپىنىڭ تۆپىلىكىگە جىيەكنى ئۇلىماق.

ئەستەرگە ئالماق ← ئەستەرنى دوپپىنىڭ تۆپىلىكى بىلەن كىزىكىگە ئورناتماق.

پىلتە بەرمەك ← پىلتىنى پىلتىقۇچ بىلەن ئەستەرنىڭ ئارىسىغا ئۆتكۈزمەك.

ياستۇق بېشى ← ياستۇقنىڭ ئىككى يان قىسمىغا ئۈلىنىدىغان چاسا شەكىللىك كىزەك قىسمى.

چۆكۈرۈك ← ياستۇق بېشىنىڭ چۆرىسىگە ئۈلىنىدىغان كالاۋۇتون يىپتا تىكىلىدىغان جىيەك.

قاڭغۇر← ئاياللارنىڭ چاچما دوپپىسىغا تاقىلىدىغان كۈمۈش قوڭغۇراق.

موخازا ← ئاياللارنىڭ چاچما دوپپىسىغا تاقىلىدىغان زىننەت بۇيۇمى.

جىمبىر ← چاچما يوتقان-كۆرپىلەرنىڭ چۆرىسىگە تۇتۇلىدىغان جىيەك.

چاچما جوزا ← چاچما تىكىلىدىغان چاپان.

پەشمەت ← ياقا، ئالدىغا چاچما تىكىلىدىغان پىنجەك.

چاچما يالىق ← ئوتتۇرا ۋە ئەتراپىغا چاچما تىكىلىپ، چۆرىسىگە چاچما ئورنىتىدىغان چاچما ياغلىق.

زوچو ← نېپىز يۇمشاق چاچما تىكىشكە مۇۋاپىق يىپەك رەخت.

چەيمەك ← يەڭ-ياقا، ئالدى-كەينىلىرىگە چاچما تىكىلىدىغان قىسقا چاپان.

يىگويەن چاپان ← چاچما تىكىلىدىغان ئۇزۇن چاپان.

خەخشە ← ئويۇلغان، چېكىلگەن گۈل.

قومۇل چاچمىچىلىقىدىكى رەڭ ئاتالغۇلىرى:

بېقمىتۇل ← يېشىل بىلەن سېرىق رەڭ ئارىلىقىدىكى رەڭ.

پەرەڭ ← قېنىق قىزىل.

ھالگايى ← سېرىق رەڭ.

نارىنجى ← توق قىزىل.

ناپارمان ← بىنەپشە رەڭ.

ياڭدەچى (نۆتىنە) ←ھاۋا رەڭ.

تەمكىرەڭ ← خورما رەڭگىدىكى رەڭنى كۆرسىتىدۇ.

ناسرەڭ ← توق يېشىل رەڭ.

زەمباقى ←كۆك بىلەن يېشىل ئارىلىقىدىكى رەڭ.

قالتار ← سۇس قارا رەڭ.

قومۇل چاچمىچىلىقىدا ئىشلىتىدىغان يىپلارنىڭ رەڭگى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ھەر بىر رەڭنىڭ 11 دىن تۈرى بار. قىسقىسى، قانداق رەڭنى تاللاپ، ئويۇلغان گۈل نۇسخىسىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇنۇم يارد-

تىش چاچمىچىنىڭ ئىجتىھاتى ۋە رەڭ چۈشەنچىسى، گۈزەللىك قارىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

قومۇل چاچمىچىلىقى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، باشقا رايونلارنىڭ كەشتىچىلىكىدىن تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ:

(1) رەڭ تاللاش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ. چاچما بۇيۇملىرىنىڭ رەڭگى ئېنىق ھەم تەبىئىي بولۇپ، گۈل ۋە شاخ-يوپۇرماقلار بىر-بىرىدىن ئېنىق پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

(2) قومۇل چاچمىلىرى ئىنچىكە ۋە نازۇك لايىھەلىنىدۇ. يەنى ھەرقانداق چاچمىنى تىكىشكە ئالدى بىلەن ئويۇق ئويۇلۇپ، رەختكە ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن ئورنىتىپ، ئاندىن تەرتىپ بويىچە تىكىلىدۇ.

(3) تىكىش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ. چاچمىنىڭ ھەر بىر گۈل، يوپۇرماقلىرىغىچە ئوششاق بىر قانچە يېرىقلارغىچە يېرىلىپ، ئىنچىكىلىك بىلەن قېنىق، سۇس رەڭلەر ماسلاشتۇرۇلۇپ تىكىلىدۇ.

(4) ئويۇق لايىھەلەش جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. ھەر بىر تۈر ئۈچۈن ئويۇلغان ئويۇقلاردىكى گۈللەرنىڭ ئىچىدە غۇنچە، گۈل، يوپۇرماقلارنىڭ بىر-بىرى گەۋدىلەشكەن ھەم بىر-بىرىگە ماسلاشقان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

تۆۋەندە مەن قومۇل چاچمىچىلىقىدىكى قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتىكى داۋاملىق ئىستېمال قىلىنىۋاتقان ھەمدە تەرەققىيات جەريانىدىكى ئىستېمالدىن قالغان تۈرلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن:

قەدىمدىن ھازىرغىچە ئىستېمال قىلىنىۋاتقان تۈرلەر

چاچما دوپپا ← چاچما دوپپا ئاساسەن قومۇلنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا ئومۇميۈزلۈك كىيىلىدىغان باش كىيىمى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنى باشقا مىللەتلەردىن روشەن پەرقلەندۈرىدىغان بەلگىلەرنىڭ بىرى.

قومۇلدا چاچما دوپپىنىڭ بارلىققا كېلىشى توغرىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان ئىكەن.

بۇرۇنقى زاماندا قومۇل تاغلىرىنىڭ چەكسىز كەتكەن گۈزەل يايلاقلىرىدا بىر توپ پادىچى قىز قوي باقىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر شاھزادە يىگىت ئوۋ ئوۋلاپ بۇ يايلاققا كېلىپ قاپتۇ ۋە پادا بېقىۋاتقان قىزلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇ قىزغا ئۆزى ئەڭ ئامراق كۆرىدىغان بىر شەمشىرىنى سوۋغا قىپتۇ. قىزچاق بۇ ئاق كۆڭۈل شاھزادىنىڭ سوۋغىسىغا تېگىشلىك جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، بىردەم ئويلىنىپتۇ-دە، بىر پارچە رەخت تېپىپ، ئۇنىڭغا يايلاقتىكى ياپېشىل ئوت-چۆپلەرنىڭ ۋە گۈللەرنىڭ شەكلىنى سىزىپ، ئۇنى كىچىككىنە پۈرمە ھالىتىگە كەلتۈرۈپ يىگىتنىڭ دوققىسىغا كىيگۈزۈپ قويۇپتۇ ۋە ئۇنى «دوققا» دەپ ئاتاپتۇ. كېيىنچە باشقا يىگىتلەرمۇ ھەر خىل رەختلەرگە گۈل سىزىپ، دوققىسىغا كىيىۋالىدىغان بوپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «دوققا» دېگەن بۇ ئىسىم «دوپپا»غا ئۆزگىرىپ ھازىرقىدەك شەكىلگە كەلگەنىكەن ①. شۇنىڭدىن بۇيان ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە چېۋەر قوللىرىغا تايىنىپ دوپپىنىڭ تۈر ۋە شەكىللىرىنى كۆپەيتكەن ھەم خىللاشتۇرغان، شۇنداقلا يەنە قومۇلنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدىكى كۆپ خانىم-قىزلار ئىچىدە بىر مەھەللىلىكلەر ۋە قولۇم-قوشنىلار بىر جايغا يىغىلىپ، ئۆزئارا ھال - مۇڭ قىلىشىپ چاچما دوپپا تىكىش ئادەتكە ئايلانغان. چاچما دوپپىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى، ئۇ ئەر-ئاياللار، ئوتتۇرا ياشلىق، ياشانغان ۋە ياشلار، باللارنىڭ ھەممىسى كىيىشكە ماس كېلىدىغان، يارىشىملىق باش كىيىمى بولۇپ، بۇرۇن توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم، نەزىر-چىراغ ۋە ھېيت - ئايەملەردىلا كىيىلەتتى، ھازىر بولسا ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىمۇ چاچما دوپپا كىيىدىغان ئادەت شەكىللىنىۋاتىدۇ.

چاچما دوپپىنىڭ تىكىلىش قەدەم باسقۇچلىرى:

بىرىنچى باسقۇچ — چاچما دوپپىنى تىكىشتىن ئاۋۋال ماتېرىيال ۋە سايمانلار تەييارلىنىدۇ.

ئىككىنچى باسقۇچ — بىر دوپپىلىق دۇخاۋىنى قول غېرىچى بويىچە ئۆلچەپ ئايرىم-ئايرىم ھالدا تۆپىلىك ۋە كېزەك قىسىملىرى كېسىلىدۇ. تۆپە ۋە كېزەكنى كېسىش ئۇسۇلى پەرقلىق بولۇپ، تۆپىنى رەختنىڭ كەڭلىكىدىن كېزىكنى رەختنىڭ مەلۇم بىر بۇلۇڭىدىن كېزەكنىڭ كەڭلىكى بويىچە تۆت قاتلاپ كېسىلىدۇ.

ئۈچىنچى باسقۇچ — ئويۇق تەييارلىنىدۇ. ئويۇق ئويۇش ئۇسۇلى ئىككى خىل بولۇپ، بىرىنچى خىل ئۇسۇل گۈل نۇسخىسىنى قەغەز يۈزىگە سىزىۋېلىپ قايچا بىلەن ئويۇش ئۇسۇلى، ئىككىنچى خىل ئۇسۇل بولسا ئەسلىدە بار بولغان ئويۇقتىن بىر نۇسخا ھەمدە ئويۇق چوڭلۇقىدىكى ئاق قەغەزدىن تۆت پارچىنى قاتلاپ مىخ بىلەن ئورنىتىپ، ئويۇق نۇسخىسىنى يىڭنە بىلەن سانجىپ

چىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن چىقىرىپ قايچا بىلەن ئويۇش ئۇسۇلى (ھازىر قومۇل رايونىدا مۇشۇ ئۇسۇل ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىۋاتىدۇ). بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانغاندا بىرلا يولدا تۆپىلىك ۋە كېزەككە كېرەك بولىدىغان ئويۇقنى ئويغىلى، ئويۇق ئەينەكلىكىنى ساقلىغىلى، ئىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

تۆتىنچى باسقۇچ — مۇكقۇي (شىلىم) تەييارلىنىدۇ. مۇكقۇينى ئېھتىياجقا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردىكى ئۇنغا سۇ ئارىلاشتۇرۇپ، سۇس ئوتتا ئۇزاق بولغاندا يېرىم كۈن، قىسقا بولغاندا ئىككى-ئۈچ سائەت ئەتراپىدا قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ.

بەشىنچى باسقۇچ — ئويۇق چاپلاش. ئويۇق چوڭلۇقىدىكى ئاق قەغەزنى ئويۇقنىڭ ئاستىغا قويۇپ ئاندىن ئويۇققا مۇكقۇي سۈرۈلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا ئويۇقنىڭ چاچما تىكىلىدىغان تەرىپىگە مۇكقۇي سۈرۈپ يۇقۇپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بولىدۇ. ئاستىدىكى قەغەزگىمۇ تەكشى مۇكقۇي سۈرۈپ رەختنىڭ قارشى تەرىپىدىكى ئويۇق چاپلانغان ئورۇننىڭ ئۇدۇلىغا چاپلىنىدۇ. رەختنىڭ كەينىگە قەغەز چاپلاشنىڭ رولى: دۇخاۋا قاتارلىق رەختلەر يۇمشاق بولغانلىقى ئۈچۈن چاچما تىكىش جەريانىدا ئاسانلا تۈرۈلۈپ قولايسىزلىق كەلتۈرۈشنى ئازايتىش، چاچما نۇسخىسىنىڭ تەكشى بولماي قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت.

ئالتىنچى باسقۇچ — چاچما تىكىش. ھەر بىر چاپلانغان ئويۇق يىلتىز، يوپۇرماق، گۈل، گۈل بەرگى، ئۇرۇق قاتارلىقلاردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇلار ھەر خىل رەڭلەردە تىكىلىدۇ. بىر ئويۇقتا ئاز بولغاندا بىر خىل گۈل نۇسخىسى، كۆپ بولغاندا بەش خىل گۈل نۇسخىسى بولىدۇ، يەنى يىلتىز يوپۇرماقلىرى بىرگە مەنسۇپ، گۈللىرى ھەر خىل بولۇشتىن ئىبارەت. چاچمىچى گۈلنىڭ چاچما يىپىنى تاللىغاندا تەگ رەختكە قاراپ بېكىتسە بولىدۇ. ھەر قانداق ئويۇقتىكى يىلتىز-يوپۇرماقلارنىڭ رەڭگى ئوخشاش بولۇپ پەقەت سۇس-قېنىقلىقىدا پەرقلىنىدۇ. گۈل ئۇرۇقى سېرىق بىلەن يېشىل رەڭدە تىكىلىدۇ. چاچمىچى يىپ رەڭلىرىنى تاللىغاندا تىكمەكچى بولغان كىشىنىڭ ياش-قۇرامى ۋە تەگ رەختكە قاراپ چوڭ ياشلىقلارنىڭ دوپپىسىغا قېنىق، تۇتۇقراق، ياشلارنىڭ، باللارنىڭ دوپپىسىغا سۇس، ئوچۇق رەڭلىك يىپلارنى ئىشلىتىدۇ.

گۈللەر سىرتىدىن ئىچىگە قاراپ سۇستىن قېنىقلىشىپ بارىدۇ، چاچما تىكىلىپ بولغاندىن كېيىن رەختنىڭ كەينىگە چاپلىغان ئاق قەغەزنى ئېلىۋېتىپ مۇكقۇي سۈرۈلىدۇ.

يەتتىنچى باسقۇچ — ئەستەرلىك ئورنىتىش، شىرىش، پىلتە بېرىش. ئورناتماقچى بولغان ئەستەرنىڭ ئىچىگىمۇ مۇكقۇي سۈرۈپ، ئاپتاپ ياكى دەزمالدا قۇرۇتۇۋالغاندىن كېيىن رەخت بىلەن ئەستەرنى تۆت جايدىن يوغان قىلىپ تىكىپ كۆكلىۋېلىپ، تۆت بۆلۈكنى بويلاپ سەككىز تالاسى چىقىرىلىدۇ، ئاندىن تالالىرىنى بويلاپ شىرىپ پىلتە بېرىلىدۇ.

سەككىزىنچى باسقۇچ — تۆپە بىلەن كېزەكنى چېتىش. شىرىش جەريانىدا تۆپە بىلەن كېزەكنىڭ يان تەرەپلىرىدە سىرتقا ئارتۇقچە يىپ ۋە رەختلەر چىقىۋالىدۇ، بۇلارنى ئېلىۋېتىپ يۆرمەش ئۇسۇلى بىلەن تۆپە بىلەن كېزەك ئۇلىنىدۇ، ئۇلىغاندا چوقۇم تۆپە ۋە كېزەكنىڭ گۈللىرى بىر-بىرىگە ئۇدۇل كەلگەن بولۇشى كېرەك.

توققۇزىنچى باسقۇچ — قېلىپقا سېلىپ تۈزىتىنى (شەكلىنى) چىقىرىش. تىكىلىپ بولغان دوپپىنى قېلىپقا سېلىپ سۇ پۈركۈپ، بولمىغان جايلىرىنى قول بىلەن ئۇرۇپ تۈزلەپ قېلىپتا بىرەر كۈن تۇرغۇزۇپ پۈتكۈزۈلىدۇ.

ئاياللار دوپپىسىنىڭ ئالدىغا ئالتۇن-كۈمۈشتىن گۈل تاقىلىدۇ (قومۇل رايونىدا ئادەتتە بۇ خىل گۈلنى موخازا دەپ ئاتايدىغان بولۇپ موخازا — خەنزۇچە <毛花子> دىن كەلگەن بولۇپ، بۇ ئالتۇن-كۈمۈشلەردىن گۈل شەكلىدە ياسالغان دوپپا بېزىكىنى كۆرسىتىدۇ. موخازىنىڭ بەزىلىرىگە كۆز ئورنىتىلىدۇ، بەزىلىرى كۆزسىز بولىدۇ). ئوتتۇرىسى تېشىلگەن قاشتېشىدىن يىپەك يىپ ئۆتكۈزۈپ پۆپۈك ياسىلىدۇ ۋە موخازىنىڭ يېنىغا، يەنى دوپپىنىڭ چېكى تەرىپىگە قادىلىدۇ. تۆۋەندىكىلەر ھەر خىل قومۇل چاچما دوپپىلىرى:

## قومۇل چاچما دوپپىلىرى

بۇرۇنقى چاغلاردا چاچما دوپپىنىڭ ئەڭ ئېسىللىرىنى يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەر ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن زىننەتلەپ كىيەتتى، پۇقرالار بولسا ئەڭ ئاددىي رەختلەردىن ئۆزلىرى تىكىپ كىيەتتى، مانا بىز بۇنىڭدىن باي-كەمبەغەللىك پەرقىنىڭ كىيىم-كېچەكتىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

چاچما يوتقان - كۆرپە، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كەشتىچە-

لىكىدە، چىۋەر ئۇيغۇر خانىم- قىزلىرى كىيىم- كېچەك بـە-
لەنلا توختاپ قالماي، ئۆي ئىچى بۇيۇملىرىغىمۇ ئـالاھىدە
ئەھمىيەت بەرگەن. يوتقان كەشتىسى، يەنى يوتقانغا تىكى-
لىدىغان چاچما يوتقان بېشى، يوتقان قارىسى دەپ ئاتـىلى-
دۇ. يوتقان بېشىغا چاچما ئىشلەش ئۇيغۇرلارنىڭ باش تە-
رەپنى ئۇلۇغلاش قارىشى بىلەن ئۇخلاشتىن ئـىلگىرى بـىر
كۆنلۈك ھارغىنلىقنى چىقىرىش ئۈچۈن ياخشى كـەيپىيات
يارىتىشتىن ئىبارەت ئىلمىي قارىشىغا شۇنداقلا، يەنە پاكىز-
لىققا ئەھمىيەت بېرىش قارىشىغا مۇناسىۋەتلىك. يـوتقاننىڭ
باش تەرىپىگە چىرايلىق چاچما ئـىشلەش ئـارقىلىق، بـاش
تەرەپ بىلەن ئاياغ تەرەپنى پەرق ئېتىش، ئۇخلاش جەر-
ياندا پۇت تەرەپ كەلگەن جايغا باشنىڭ كېلىپ قالماسلى-
قىنى مەقسەت قىلغان. ھالبۇكى پۇت باش تەرەپكە كـېلىپ
قالسا، پۇتتىن يوتقانغا سىڭىپ قالغان مـىكروب ۋە پـۇراق-
لار ئادەمنىڭ نەپەس يوللىرىغا كىرىپ ھـەر خـىل كـېسەل-
لىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن، شۇڭا ئـەجدادلى-
رىمىز يوتقان بېشىغا چاچما ئىشلەش ئـارقىلىق سـالامەتلى-
كىنى ئاسراش مەقسىتىگىمۇ يـەتكەن. يـەنە بـىر نـۇقتىدىن
يوتقان- كۆرپىگە چىرايلىق گۈل ۋە توتېم قىلغان دەرەخ،
گۈل- چېچەك، ھايۋان، قۇشلار چاچمىلىنىپ، ئـۇخلىغاندى-
مۇ ئالالاغا سېغىنىشتەك دىنىي ئېتىقاد قـارىشى ۋە گـۈزەل-
لىككە ئىنتىلىش خاھىشى ئەكس ئەتكەن.

1 . چاچما يوتقان - كۆرپىنىڭ تىكىلىش قەدەم بـاس-
قۇچلىرى:

چاچما يوتقان- كـۆرپىگە كـېتىدىغان مـاتېرىيال- ساي-
مانلار، چـاچما تـىكىلىش قـەدەم- بـاسقۇچلىرى يـۇقـىرىدا
بايان قىلىنغان چاچما دوپپىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ،
بـۇ يـەردە تـەپسىلىي چۈشەندۈرمىدۇق. يـوتقان- كـۆرپـە
چاچمىسى ئىككى خىل بولۇپ، بىرىنچى خىلى ئون سـانتى-
مېتىردىن 50 سانتىمېتىرغىچە بـولغان قـارا رەختكـە چـاچما
تىكىلىپ، يوتقان بېشى ۋە كـۆرپـە قـېشىغا تـۇتۇلىدۇ، يـەنە
بـىر خـىلى، يـوتقان- كـۆرپىنىڭ پـۈتۈن رەختـىگـە چـاچما
تىكىش. يوتقان- كۆرپىگە ئىشلىنىدىغان چاچما نۇسخىلىرى
شاخسىز تاق گۈل، مودەنگۈل، يـاڭاق مېغىزى، كـېپىنەك
قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

يـوتقان- كـۆرپىگە چـاچما ئـىشلەشتە چاچما رەختـى
بىلەن چاچما يىپىنىڭ رەڭلىرى ئۆزئارا ئاچىدىغان بولۇشى،
گۈل- نەقشلەرنىڭ چوڭ- كـىچىكلىكى ۋە زىچلىقى مـاس-
لاشقان بولۇشى كېرەك، تەگ رەخت ئاساسەن قارا گەزلى-
مە ياكى قارا دۇخاۋىدىن تاللىنىدۇ.

② تۆۋەندىكىلەر قومۇل چاچما يوتقان- كۆرپىلىرى:

**قومۇل چاچما يوتقان - كۆرپىلىرى**

چاچما ياستۇق قومۇل شەھىرىنىڭ يېزا - كـەنتلىرى-
دىكى دېھقان ئۆيلىرىگە كىرىپ چاچما تىكىلگەن ھەر خىل
يـاستۇقلارنى كـۆرگىنىمىزدە، خـۇددى رەڭدار گـۈللەرگە
تولغان گـۈلباغقا كـىرىپ قـالغاندەك ھـېسسىياتقا كـېلىسىز،
قولى ئەپچىل قومۇل ئاياللىرى ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ- ئارمان-
لىرىنى مانا مۇشۇنداق گۈزەل چاچمىلار ئارقىلىق ئـىپادى-
لىگەن.

قومۇل ئەنئەنىۋى چاچمىچىلىقىدا ياستۇق چـاچمىچى-
لىقى بىر قەدەر كـۆچلۈك ئـېتنىك خـاراكتېرگە ۋە رايـون
خاسلىقىغا ئىگە بولۇپ، قومۇل خەلقىنىڭ ئىدېئولوگىيە تە-
رەققىياتىنىڭ تەسىرى بىر قـەدەر كـۆچلۈك ئـىپادىلەنگەن.
ھالبۇكى، ياستۇق، تەكىيە ئادەمنىڭ ئـەڭ مـۇھىم ئـەزاسى
بولغان باشقا قويۇلغانلىقىدەك ئـورنى بـىلەن تـۈرمۇشتىمۇ



ئەڭ ئېتىبار بېرىلىدىغان بۇيۇمغا ئايلانغان، كىشىلەر ئۇخلاپ ئويغانغان چاغدىكى جىسمانىي ھالىتىنىڭ ياخشى-يامانلىقى، ھەتتا يامان چۈشلەرنىڭ تەسىرىدىن روھىي كەيپىياتىنىڭ ياخشى بولماسلىقىنىمۇ ياستۇق بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراپ، ئۆزلىرىنىڭ خۇراپىي ۋە ئىلاھىي قاراشلىرىنى ياستۇق بىلەن باغلاپ تەپەككۇر قىلىشقان. ئۇنىڭدىن باشقا بىر نەچچە خىل ياستۇق شەكىللىرىدىن بەدەن بىلەن ياستۇق ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم ئىلمىي قانۇنىيەتلەرنى تېپىشمۇ مۇمكىن، شۇ سەۋەبتىن ياستۇقتا ۋە ئۇنىڭ شەكلى، گۈل نۇسخىلىرىنى ئىشلەشكە ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىش قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنىڭ مۇھىم ئىپادىسىگە ئايلانغان.

2. چاچما ياستۇق تىكىلىش قەدەم-باسقۇچلىرى:

چاچما ياستۇقتا كېتىدىغان ماتېرىيال-سايمانلار، چاچما تىكىلىش قەدەم-باسقۇچلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان چاچما دوپپا، چاچما يوتقان-كۆرپىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بۇ يەردە تەپسىلىي چۈشەندۈرمىدۇق. چاچما ياستۇق تىكىلىپ شەكلى ۋە چاچما ئىشلىنىدىغان ئورۇنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ، يەنى توم ياستۇق (تۇلۇق ياستۇق)، پەر ياستۇق (تىكىلمە ياستۇق)، خانىش ياستۇق ئىشلەش باشقا ئىككى خىل ياستۇق چاچمىسىدىن روشەن پەرقلىنىدىغان بولۇپ، پەر ياستۇق ۋە خانىش ياستۇقلارنىڭ چاچمىسى ئالدى تەرەپ يۈز ياكى يان گىرۋىكىگە تىكىلىدۇ، توم ياستۇقنىڭ بولسا ئىككى تەرىپىدىكى بېشىغا خۇددى دوپپىنىڭ تۆپىلىكىگە ئوخشاش ياستۇق بېشى تىكىلىپ، چۆرىسىگە چۆكۈرۈك چۆكۈرۈلىدۇ (دۇخاۋا، زەرۋاپ، چىلتەك ئورنىتىش، دوپپىنىڭ توقۇشىنى تۇتۇشقا ئوخشاش)، بىراق دوپپىنىڭكىگە ئوخشاش شىرىش، پىلتە بېرىش ھاجەتسىز، ئوتتۇرا قىسمىنى ياستۇق بېشىغا پۈكۈپ ئۇلاش ئۇسۇلى بىلەن چېتىپ، ئىچىگە سامان تىقىپ پۈتكۈزۈلىدۇ.

توم ياستۇققا تىكىدىغان گۈل نۇسخىسى چاسا شەكىللىك بولۇپ، ئەتراپىدا ئايلاندۇرۇپ گۈللەر تىكىلىدۇ، گۈل نۇسخىلىرى ئانار گۈلى، شاپتۇل گۈلى، بەرغەمۇت، نىلۇفەر، مودەنگۈللىرىنى ئاساس قىلىدىغان بولۇپ، يەنە كېپىنەك، توز، سۇمۇرغ، يەنە بەزى ئۆزگىرىشچان شەكىللەرمۇ بار. بولۇپمۇ بۇددا دىنىنىڭ گېيومېترىيەلىك، بەخت-ئامەتنىڭ سىمۋولى بولغان بەرغەمۇت، نىلۇفەر قاتارلىق گۈللەر كۆپ تىكىلىدۇ③. تۆۋەندىكىلەر قومۇلنىڭ ھەرخىل چاچما ياستۇقلىرى:

### چاچما ياستۇقلار

تەرەققىيات جەريانىدا ئىستېمالدىن قالغان تۈرلەر:

يۇگويەن چاپان (چاچما ئۇزۇن چاپان) — قەدىمكى ۋاقىتلاردا ئاياللار چەكلىرى ھەم يەڭلىرىدە ماداخاللىرى بار ئېتەك يۇگويەن، چاچما يۇگويەن، كىمخاپ يۇگويەن، تەيتۇللا يۇگويەن چاپانلارنى كىيەتتى، بۇ خىل چاپانلار ئاساسەن ئەستەرلىك بولۇپ ئۇزۇن ھەم كەڭ بولىدۇ.

يۇگويەن چاپان ئۇزۇنلۇقى تىزغىچە، ياقىسى يۇمىلاق، ئالدى تۈگمىلىك بولۇپ، چاچمىسى ياقىسىدىن تاكى تىزغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئالدى تۈگمە تاقىلىدىغان جايىدىن ئىككى تەرىپىگە 10 ـ 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا تىكىلىدۇ، يېڭىمۇ ئالدىغا قانچىلىك كەڭلىكتە چاچما تىكىلگەن بولسا شۇنچىلىك كەڭلىكتە يەڭنىڭ ئۇچىغا تىكىپ جىيەك ئورنىتىلىدۇ.

چاچما پەشمەت (پىنجېك، جاجازا) — پەشمەت كۆكلەكنىڭ ئۈستىگە، چاپاننىڭ ئىچىگە ياكى نېپىز تاۋار كۆكلەكلەرنىڭ ئۈستىدىن كىيىلىدىغان يەڭسىز قىسقا كىيىم بولۇپ، تىكىلىشى ۋە چاچما ئىشلىنىشى جەھەتتە ئەرلەرنىڭ ۋە ئاياللارنىڭ دەپ ئايرىلىدىغان ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كىيىملىرىنىڭ بىرى بولۇپ، پەشمەتنىڭ ئالدى قىسمى ئۈچ بۇرجەك ۋە يۇمىلاق شەكىلدە كۆكرەكنىڭ ئۈستىدىن چوڭراق ئويۇلىدۇ، پەشمەت رەختىنى كېسىۋېلىپ، ئالدى كەينىگە ھەر خىل شەكىلدىكى ئويۇقلار ئويۇلۇپ، پەش-ئېتەك گىرۋەكلىرىگە ئايلاندۇرۇپ چاچما ئىشلىنىدۇ.

چاچما پۈتۈن كۆڭلەك — قەدىمكى ۋاقىتلاردا قىز-ئاياللار ياقىسى، كۆكرەك ئېتەكلىرىگە چاچما ئىشلەنگەن كەڭ ۋە ئۇزۇن كۆڭلەكلەرنى كىيەتتى. بۇ خىل كۆڭلەكلەرنىڭ رەختى كېسىلىپ، ياقا ۋە كۆكرەك، ئېتەكلىرىگە ئويۇق ئويۇلۇپ چاچما ئىشلىنىدۇ.

بۇ خىل كۆڭلەكلەر قىز-ئاياللارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان رەڭ ۋە چاچما نۇسخىلىرى كېچىكرەك ئېلىنىپ بىر قەدەر جانلىق، سەنئەتلىك تۈيغۇغا باي ئىشلىنىدۇ. ھالبۇكى كىيىمنىڭ ھەر بىر بۆلەكلىرىدىكى چاچما نۇسخىلىرى كىيىم تىكىلىپ پۈتكەندە بىر-بىرىگە ماسلاشقان ھالدا بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولاتتى، پەش ۋە

يەرلەرگە، ئېتەكلەرنىڭ چەت- چۆرىسىگە رەڭدار چىلتەكلەر تۇتۇلۇپ كىيىمگە باشقىچە تۈس بېرەتتى.

چاچما ئاياغ كىيىم — ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كەشتىچىلىكىدە ئاياغ كىيىملەرمۇ يارىشىملىق نۇسخىلىرى بىلەن بېزىلىپ، بىر مىللەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتتىن تاكى مۇقىم ئولتۇراقلاشقان تېرىم مەدەنىيىتى ۋە سەنئەتلەشكەن مىللىي مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرگەنگە قەدەر بولغان ئۇزاق تارىخىي جەرياندىكى ئاياغنىڭ مۇھىملىقىدىن ئىبارەت ئەقلىي ھۆكۈم ۋە ئاياغنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت ئىدىيەۋى ئۇدۇم ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شۇڭلاشقا ئاياغ كىيىم كەشتىچىلىكى كەشتە ئىشلەشنى پەقەت ئاياللارغىلا خاس ھۈنەر- سەنئەت بولۇش چېگراسىدىن ھالقىتىپ، موزدۇزلۇق بىلەن بىر قاتاردىكى ئەرلەرمۇ شۇغۇللىنىدىغان ھۈنەر- سەنئەت تۈرىگە ئايلاندۇرغان.

قومۇلدىكى ئاياغ كىيىم چاچمىسى رەخت ۋە يىپ- يىڭنە ئارقىلىق ئەرەنچە- ئايالچە يۇمشاق ۋە راھەت بولغان ئۆي ئىچى ئاياغ كىيىملىرىدىن ئۆتۈك، پوپۇچ، مەسە قاتارلىقلارغا ئىشلىنىدىغان چاچمىلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆتۈك، پوپۇچ ۋە مەسىگە تەييارلانغان رەختنىڭ كەينىگە تەڭ بويىدىكى بىر قات ئەستەرلىك ئېلىپ، مۇڭقۇي بىلەن چاپلاپ، دەزمالدا قۇرۇتۇپ چاچما تىكىشكە ئاسان بولىدىغان ھالەتكە كەلتۈرىمىز، ئويۇقلار قونچى ۋە پۇت يۈزىگە كېلىدىغان جايلارغا ئويۇلۇپ، ماس كېلىدىغان رەڭلىك يىپلار بىلەن تىكىلىدۇ. چاچما تىكىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاياغ كىيىم پاسونىنىڭ ئاسان بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئەستەرنىڭ كەينىگە بىر قات قېلىن رەختتىن ئىچ ئەستەرلىك تۇتىمىز. ئاندىن ئېھتىياجقا قاراپ چوڭ- كىچىكلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇپ تىكىمىز④.

گەرچە بۇ كىيىملەر ئىستېمالدىن قالغان ياكى كىيىم- كېچەك سانائىتىدىكى زامانىۋىلىق قول بىلەن ئىشلىنىدىغان بۇ خىل چاچمىچىلىق سەنئىتىنىڭ ئورنىنى ئالغان بولسىمۇ، قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ چاچمىچىلىق سەنئىتىنىڭ ھاياتىي كۈچى ناھايىتى زور بولۇپ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كەشتىچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ قىممەتلىك مىراسلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، قولى گۈل قومۇل قىز- ئاياللىرى ھازىرقىدەك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە يىڭنە ئۇچىدەك نۇقتىغا سائەتلەپ تىكىلىپ كۆز نۇرىنى، زېھنىنى، ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ ئۆزىگە خاس يەرلىك سەنئەت ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئائىلە ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشتە زور رول ئوينىماقتا. ھەقىقەتەنمۇ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ئاشقان توي- تۆكۈن، نەزىر- چىراغ، كېسەل يوقلاش ئىشلىرىدا گۈل سوۋغا قىلىش ئادەتكە ئايلىنىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈنىمىزدە، چاچما بۇيۇملىرىنىڭ كۆپلەپ بارلىققا كېلىشى ئىنتايىن يۇقىرى ئەھمىيەتكە ئىگە.

قىسقىسى، ئەمگەكچان، ئەقىل- پاراسەتلىك قومۇل ئاياللىرىنىڭ ئون بارمىقى ئون گۈل. ئۇلار يىڭنە بىلەن يىپنى قولىغا ئالغاندا، ھەقىقەتەن ھەر بىر بارمىقىدىن خىلمۇخىل گۈل ئۈنۈپ، دوپپا، كىيىم- كېچەك، ئائىلە بۇيۇملىرى ئۈستىدە چېچەكلەپ ئېچىلىپ، كىشىلەرنىڭ زوق- شوقىنى كەلتۈرىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر قىز- ئاياللىرىنى «قولى تەگكەنلىكى نەرسىگە گۈل چىقىرىۋېتىدىغان، قولى تەگكەنلىكى نەرسە گۈل كۆرۈنىدىغان» دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

پايدىلانمىلار:


1. «قومۇل» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993- يىل نەشرى.

2. «كەشتىچىلىك» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007- يىل نەشرى.

3. «قومۇل لاپچۇق كەشتىچىلىكى»، خەن لېيۈەن، «شىنجاڭ گېزىتى»، 2007- يىل، 2- ئاينىڭ 15- كۈندىكى سانى.

4. «قومۇل گېزىتى»نىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.


5. ئىزاھاتلار:

① قومۇل شەھىرى شەرچى يېزىسى جىگدە قۇدۇق مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق مەريەمخان ئۆمەر ھاجىنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرى.

② قومۇل شەھىرى راھەتباغ يېزىسى قاراڭلار مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ئىشتىن سىرتقى چاچمىچى خەلچەم سالىمانىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرى.

③ قومۇل شەھەر ئىچى يېزىلىق پونكىتىدىكى خەيرىنىسا قاسىمنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرى.

④ قومۇل شەھىرى شەھەر ئىچى يېزىسى جىگدە قۇدۇق مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ھەجەرخان ياقۇپنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 2009- يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)



# ھېكمەتلىك ھېكايەتلەر

توپلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر

## ياخشى ۋە يامان

لوقمانى ھېكىمنىڭ خوجايىنى مال قۇربانلىق قىلىپ، سويۇلغان قوينىڭ ئەڭ ياخشى ئەزاسىنى پىشۇرۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. لوقمان قوينىڭ يۈرىكى ۋە تىلىدىن تائام تەييارلاپ كەپتۇ. ئەتىسى ئۇستازى يەنە قوينىڭ ئەڭ يامان ئەزالىرىنى پىشۇرۇپ كېلىشنى ئېيتىپتۇ. لوقمان بۇ قېتىممۇ قوينىڭ پىشۇرغان يۈرىكى بىلەن تىلىنى قويۇپتۇ.

— مېنىڭ دېگىنىم يادىڭدىن چىقىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ — غەزەپلىنىپتۇ خوجايىن، — نېمىشقا يەنە قوينىڭ تۈنۈگۈنكى ئەزالىرىنى پىشۇرۇپ كەلدىڭ؟

— ياق دەپتۇ لوقمان، — نېمىنى بۇيرۇغىنىڭىز ئېسىمدە، تەقسىر. يۈرەك بىمەنە فىئىلغا ئىزنى بەرمىسە. نامۇناسىپ سۆز تىلغا ئېلىنمىسا، ئۇلاردىن ياخشى ئەزانى تاپالمايسىز. ئەگەر، بۇنىڭ ئەكسىچە بولسا بۇلاردىنمۇ يامان ئەزا يوق.

## تۆت تېۋىپ

تېۋىپلەرنىڭ ئۇلۇغى ئىبنى سىنا كۈنلەرنىڭ بىرىدە قاتتىق ئاغرىپ قېلىپ چۈمكىنىپ يېتىۋاپتۇ. ئىبنى سىنانىڭ شاگىرتلىرى، ئەڭ يېقىن دوست - بۇرادەرلىرى يىغىلىشىپتۇ. ئۇلار ياخشى گەپلەرنى دەپ، ئۇلۇغ تېۋىپنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە، كەيپىياتىنى ياخشىلاشقا ھەرىكەت قىلىشسا، شاگىرتلىرى ئۇنى دورا - دەرمانلار بىلەن داۋالاشقا كىرىشىپتۇ.

ئۆلۈمىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى سەزگەن ئىبنى سىنا شاگىرتلىرىغا شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي شاگىرتلىرىم، مېنىڭ كۈنۈم تۈگىگەن ئوخشايدۇ، شۇ سەۋەبتىن مېنى داۋالايمىز دەپ بىھۇدە ئاۋارە بولماڭلار. ۋاپات بولسام يىغا - زارە، ئاھ - ۋاھ چېكىپ ئولتۇرماڭلار. پەقەت ھەققىمدە دۇئا قىلىپ، ئاندا - ساندا قەبرەمنى زىيارەت قىلىپ قويساڭلارلا بولىدۇ. يەنە، ئۇستاز ئالەمدىن ئۆتتى، ئەمدى تېبابەت ئاقسايدۇ، دەپمۇ قايغۇرماڭلار. ئورنۇمغا بەش چوڭ تېۋىپنى قالدۇرۇپ كېتىمەن. شۇلارنىڭ مەسلىھەتلىرىگە دائىم ئەمەل قىلىڭلار، باشقىلارنىمۇ شۇنىڭغا دەۋەت قىلىڭلار، — دەپتۇ.

— سىز ئېيتقان تېۋىپلەر كىملەركىن؟ — دەپ سوراپتۇ شاگىرتلىرىدىن بىرى. ئىبنى سىنا ئۇنىڭغا:

— مەن قالدۇرۇپ كېتىدىغان تېۋىپلەرنىڭ بىرى تازىلىق، ئىككىنچىسى پەرھىز، ئۈچىنچىسى تەنتەربىيەدۇر. قالغان ئىككىسى مىجەز ۋە كەيپىيات دەپ ئاتىلىدۇ. دائىم پاكىز، ئازادە بولۇش، ئۇچرىغانلا يېمەكلىكنى يەۋەرمەسلىك، ئالدىراپ - سالدىراپ غىزالانماسلىق، پەرھىزنى بىلىش، ئىچىملىككە بېرىلمەسلىك، بەدەن ئەزالىرىنى ھەرىكەتسىز قالدۇرماسلىق، مىجەزنى قەتئىي ئۇنتۇماسلىق، كەيپىياتنى ياخشى تۇتۇشقا ھەرىكەت قىلىش لازىم. ئېيتقانلىرىمغا ئەمەل قىلىنسا، كېسەل بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بىۋاقت ئۆلۈممۇ ئارقىغا چېكىنىشى مۇمكىن.

## نان ئۇلۇغ شاھىم

مۇھەممەد رىھىمخان فىرۇزنىڭ ياخشى بىر ئادىتى بار ئىدى. ئۇ بەزەن - بەزەن دۆلەت ئەركانلىرى بىلەن شەھەر ئايلىناتتى، خەلقنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. بىر كۈنى خان مەھرەملىرى بىلەن شەھەر تەرەپكە چىقتى. يېنىدا خاس مۇلازىمى ھەسەنقايىغۇچىمۇ بار ئىدى. بىر كوچىدىن ئۆتۈۋېتىپ، فىرۇزنىڭ كۆزى تارغىنە بىر ھويلىغا چۈشتى. ھويلىدا كۆتەمە تونۇر، تونۇر ئالدىدا بىر ئايال قوللىرىغا يەگىلىك كىيىپ نان يېقىۋاتاتتى. فىرۇزى ئۈستىنىڭ بېشىنى تارتىپ بىر لەھزە توختىدى. بۇ چاغدا شەھەرنى جارچىنىڭ ۋارقىرىشى، كارناي-سۇنايلارنىڭ ئاۋازى بېسىپ كەتكەنىدى. بارچە خەلق ئىشلىرىنى تاشلاپ كوچىغا قاراپ ئىتىلاتتى، سەلتەنەت ساھىبى ئۆتۈپ كەتكۈچە ئىككى پۈكۈلۈپ تەزىم قىلىپ تۇراتتى.

غېرىبانە ھويلىدىكى بۇ خوتۇن بولسا، دۇنيانى ئۇنتۇغاندەك نان يېقىۋاتاتتى. خان ھەسەن قايىغۇچىغا ئۆرۈلدى:

— مەملىكەت خانى بىلەن چاتىقى يوق قانداق جاندۇر-بۇ؟

— ئۇ خوتۇن نان يېقىۋېتىپتۇ، شاھىم، — دېدى ھەسەن قايىغۇچى ئاستا.

فىرۇزنىڭ جەھلى قاتتى.

— خان ئۇلۇغمۇ، نان ئۇلۇغمۇ؟

— نان ئۇلۇغ، شاھىم، - دېدى ھەسەن، - مەملىكەت خانسىز ياشىسىمۇ بولىدۇ، لېكىن نانسىز ياشىغىلى بولمايدۇ.

مۇھەممەد رەھىمخان ئېتىغا ئاستالا قامچا ئۇردى.

## نەپسى كىمنىڭ يوق؟

بىر كۈنى ئابدۇراخمان جامىي خوجا ئەھرار ۋەلىنىڭ زىيارىتىگە ئاتلاندى.

يولدا تارغىنا بىر ئېرىققا دۈچ كەلدى. ئاتلاپ ئۆتۈۋېتىپ يانچۇقىنى تۇتتى، يانچۇقىدا سەككىز تىللاسى بار ئىدى.

خوجا ئەھرار ۋەلىنىڭ مال دۇنياسى بىھېساب ئىدى. يايلاقلاردا مىڭلاپ مېلى ئوتلاپ يۈرەتتى. بۇلار مۇرىتلىرى تەرىپىدىن ھەزرەت ئىشانغا نەزىر قىلىنغان جانۋارلار ئىدى. خوجا ئەھرار «خەلقتىن كەلگىنى خەلققە» دېگەن ئېتىقادتا بۇ ماللارنىڭ بىر قىسمىنى يېتىم-يېسىر، غېرىب-غۇرۋالارغا ئېھسان قىلىپ تۇراتتى، بۇنى جامىيمۇ بىلەتتى. لېكىن، بەرىبىر سۆھبەت ۋاقتىدا تىلى قىچىشىپ ۋەلىيگە تەنە قىلدى:

— تەقسىر، دۇنياغا ناھايىتى بېرىلىپ كېتىدىكەنسىز دەپ ئاڭلايمىز، سىزدەك پىرى كامىلنىڭ مال-دۇنياغا بۇ قەدەر ھېرىس بولغىنى ئەجەبلىنەرلىكقۇ؟

خوجا ئەھرار ۋەلى كۈلدى:

مەۋلان، بىزنىڭ مال-دۇنياغا ئۆچلۈكىمىز سىزنىڭكىدىن ئارتۇق ئەمەس، ھۇزۇرىمىزغا كېلىۋېتىپ ئېرىقتىن ئاتلىدىڭىز، كۆڭلىڭىزدە سەككىز تىللا چۈشۈپ قالمىسۇن دەپ، يانچۇقىڭىزنى سىقىمداپ ئۆتكىنىڭىزنىمۇ كۆرۈپ تۇردۇق. نەپسى ئۆزلىرىدىمۇ بار ئىكەنغۇ...

جامىي كۈلۈۋەتتى.

## دوستلۇق

بىر كىشى بىرئاز پۇلغا موھتاج بولۇپ قېلىپ، دوستىدىن ياردەم سوراش مەقسىتىدە ئۇنىڭ ئىشىكىنى چەكتى، دوستى چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. ئۆيگە تەكلىپ قىلسىمۇ ئۇ كىشى ئۇنىماي:

— مېنى كەچۈر دوستۇم. ئۆيگە قىلغان تەكلىپىڭنى ھازىرچە قوبۇل قىلالمايمەن. ۋاقتىم ناھايىتى قىس. بىرسىگە 100 يۈەن قەرزدار ئىدىم، بۈگۈن كېلىپ پۇلنى قىستىدى. قولۇمدا پۇل يوق ئىدى، شۇڭا ھۇزۇرۇڭغا كەلدىم. ياردەم قىلار دېگەن ئۈمىدتە مەن، — دېدى.

ئۆي ئىگىسى دەرھال ئىچكىرىدىن 100 يۈەن پۇلنى ئېلىپ چىقىپ دوستىغا بەردى.

— دوستۇم، يەنە بىرەر نەرسىگە موھتاج بولۇپ قالساڭ مەندىن يوشۇرما. قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىشقا تەييارمەن، — دوستىنىڭ كۆڭلىنى كۆتەردى. دوستى كۆپ خۇرسەن بولۇپ ياندى.

ئۆي ئىگىسى دوستى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆيىگە يىغلاپ كىردى، خوتۇنى «ئېرىم كۆپ پۇل بېرىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلىپ يىغلاۋاتسا كېرەك» دەپ ئېرىگە:

— بىرەر نەرسىنى باھانە قىلىپ بەرمەيلا قايتۇرۇۋەتسىڭىز بولماسمىدى؟ — دېگەنىدى. ئېرى شۇنداق جاۋاب بەردى:

— ياق، سەن ئويلىغاندەك ئەمەس، دوستۇمنىڭ پۇلغا موھتاج بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەپتىمەن. ئۇ كېلىپ سوراشتىن بۇرۇن ئۆزۈم بېرىپ، «دوستۇم، بىرەر نەرسىگە موھتاجمۇ سەن تارتىنماي ئېيت» دەپ سورىشىم كېرەك ئىدى. بىلمەي قالغىنىمغا ئېچىنىپ يىغلاۋاتىمەن.

### نۇشىرىۋانى ئادىل

قەدىمكى ئىران شاھلىرىدىن نۇشىرىۋان ھەر يىلى نورۇز كۈنىدە بىر زىياپەت قىلىپ، خەلقنى كۆڭۈل ئېچىشقا تەشكىللەيتتى، بىر يىلى تەشكىل قىلىنغان زىياپەتكە كەلگەنلەر ئىچىدە تۇرمۇشتىن ناھايىتى قىينالغان كەمبەغەل بىر كىشىمۇ بار ئىدى. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە:

— شۇ يەردىكى ئىدىشلاردىن بىرىنى ئېلىپ كەتسەم، موھتاجلىقتىن بىرئاز قۇتۇلارمەن. بەلكى مېنىڭ ئىلاجسىزلىقتىن قىلغان بۇ گۇناھىمنى كەچۈرەر، دەپ قىممەت باھالىق ئىدىشلاردىن بىرىنى يوشۇرۇۋالدى. نۇشىرىۋان ئۇنىڭ قىلمىشىنى كۆرۈپ قالغان بولسىمۇ گەپ قىلمىدى. زىياپەت ئاخىرلىشىپ كىشىلەر تارقىلىشقا باشلىدى. ئىدىش-قاچىلارنى ساقلايدىغان خىزمەتچى ئىدىشلارنى ساناپ، قىممەت باھالىق بىر ئىدىشنىڭ يوقلۇقىنى بىلدى. دەرھال بۇ ھەقتە نۇشىرىۋانغا ئەرز قىلىپ ھەممە كىشىنى تەكشۈرۈپ چىقىرىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. نۇشىرىۋان ئۇنىڭغا:

— تەكشۈرۈپ ھېچكىمنى ئۇتقا قويما، ئۇ ئىدىشنى موھتاجلىقتىن ئېزىلگەن بىر كىشى ئالغان بولىدۇ، ئۇنىڭ ئالغىننى كۆرگەن كىشىمۇ چېقىمچىلىق قىلمايدۇ، — دېدى.

ئىدىشنى ئالغان كىشى ئۇنى سېتىپ تۇرمۇشىغا ئىشلەتتى. ئۆزىگە يېڭى كىيىملەرنى تىككۈزدى. كېيىنكى يىلى بولغان زىياپەتتە ئاشۇ يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ ياسىنىپ كەلدى. زىياپەتتىن كېيىن نۇشىرىۋان ئۇنى ئىملاپ يېنىغا چاقىردى ۋە خالىي يەرگە ئېلىپ بېرىپ:

— بۇ يېڭى كىيىم ئاشۇ چاغدىكى ئىدىشنىڭ پۇلىغا كەلگەنمۇ؟ — دەپ كۈلۈپ سورىدى. ئۇ كىشى قىزىرىپ:

— سىزنىڭ سايىڭىزدا مۇشۇ كىيىملەرگە ئىگە بولدۇم. موھتاجلىق مېنى شۇ گۇناھلىق ئىشقا مەجبۇر قىلدى. شۇ قىلغان ئەيىبىمدىن ۋىجدان ئازابى تارتىۋاتىمەن، — دەپ كەچۈرۈم سورىدى. نۇشىرىۋان ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— بۇنىڭدىن كېيىن ئىگىسىدىن سورىماي بىراۋنىڭ نەرسىسىگە قول تەگكۈزمەي، ئېھتىياجىڭىزنى ماڭا كېلىپ دە، ياردەم قىلىمەن، — دەپ يەنە بىر مۇنچە ئىنئام-ئېھسانلار قىلىپ ئۇنى خۇشال قىلىۋەتتى.

### مىراس

مىسىر ھۆكۈمدارى رۇم ھۆكۈمدارى بىلەن كېلىشىپ ئارىلىقىدىكى ئاداۋەتنى بىر تەرەپ قىلدى ھەم دوستلۇق ئەھدىنامىسى تۈزدى. دوستلۇقلىرىنى كۈچەيتىپ ئەبەدىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن مىسىر ھۆكۈمدارى قىزىنى رۇم ھۆكۈمدارىنىڭ ئوغلىغا بەردى. رۇم ھۆكۈمدارىمۇ ئۆزىنىڭ قىزىنى مىسىر ھۆكۈمدارىنىڭ ئوغلىغا نىكاھلاپ قويدى. شۇنداق قىلىپ ھەر ئىككى ھۆكۈمدار بىر-بىرىگە قايچا قۇدا بولدى. بۇ دوستلۇق تۈپەيلى ھەر ئىككى تەرەپتىن ئەلچى ۋە مەكتۇپلار پات-پات بېرىپ كېلىپ تۇردى. ھەر ئىككىسى بىر-بىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش ئېلىپ باردى. بىر كۈنى مىسىر ھۆكۈمدارى قۇدىسى رۇم ھۆكۈمدارىغا شۇ مەزمۇندا خەت يېزىپ ئەۋەتتى:

«كۆزلىرىمىزنىڭ نۇرلىرى بولغان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ۋاپاتىمىزدىن كېيىنمۇ راھەت-پاراغەتتە ياشاشلىرى ئۈچۈن مۇشۇ تاپتىن باشلاپ چارە كۆرۈشىمىز كېرەك. مەن ئوغلۇم ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ مال - دۇنيا جۇغلىدىم. چىرايلىق باغ ۋە ئىمارەتلەرنى بىنا قىلدۇردۇم. سىزمۇ كۈيئوغلۇم بولغان ئوغلىڭىز ئۈچۈن شۇنداق قىلغان بولسىڭىز كېرەك».

رۇم ھۆكۈمدارى قۇدىسى مىسىر ھۆكۈمدارىنىڭ خېتىنى ئوقۇپ تەبەسسۇم قىپتۇ ۋە مۇنداق مەزمۇندا خەت يېزىپتۇ:

«مەن سىزگە قارىغاندا باشقىچىرەك يول تۇتتۇم، ۋاپاسىز مال - دۇنيا، ماتالارغا ئىلتىپات ئەتمەيمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئوغلۇمغا مال - دۇنيا توپلىماي، ئۇنى ئىلىم-ھۈنەرلىك، ئەدەپ-ئەخلاقلىق ئۆستۈردۈم. ئۇنى ئەدەپ جۇلاسى بىلەن بېزىدىم. ئوغلۇم ئۈچۈن ياخشى خىسلەتلەرنى مىراس قىلىپ قويدۇم. مال - دۇنياغا زاۋال يېتىدۇ، ئەمما ئەدەپكە زاۋال كەلمەيدۇ.»

مىسىر ھۆكۈمدارى قۇدىسىنىڭ خېتىنى ئوقۇۋېتىپ ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ:

— قۇدام توغرا دەيدۇ، ئەدەپ-ئەخلاق ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك، — دەپتۇ.

### ئۇستازنىڭ تەدبىرى

بىر كىشى چېلىشىش سەنئىتىنى ئەلا دەرىجىدە ئىگىلىگەن ئاتاقلىق پەھلىۋان ئىدى. چېلىشىشنىڭ 360 ئۇسۇلىنى مۇكەممەل بىلەتتى ۋە ھەر كۈنى شۇ ئۇسۇللارنى ئىشلىتىپ چېلىشقا چۈشەتتى. ئۇ ئۆز شاگىرتلىرىدىن بىرىگە چېلىشىشنىڭ 359 ئۇسۇلىنى ئۆگەتتى، پەقەت بىر

ئۇسۇلنى سىر تۇتۇپ ئۆگەتمىدى.

شاگىرت كۈچ-قۇۋۋەتتە، چېلىشىش سەنئىتىدە ئەلا دەرىجىدە يېتىشتى. ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيتتى. بىر كۈنى مەغرۇرلانغان ھالدا پادىشاھقا:

— ياشتا چوڭ ۋە مېنى تەربىيەلىگىنى ئۈچۈن ئۇستازىم مەندىن ئارتۇق، بولمىسا مەن كۈچ-قۇۋۋەتتە ئۇنىڭدىن كەم ئەمەسمەن، — دەپ ماختىنىپتۇ.

ئۇنىڭ ماختىنىشى پادىشاھقا ياقماپتۇ. بىر چوڭ چېلىشىش مەيدانىدا ئۇستاز بىلەن شاگىرتنى چېلىشىشقا بۇيرۇپتۇ. مەيدانغا پادىشاھ، ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى، ئەمەلدارلار ۋە يەر يۈزىدىكى مەشھۇر پەھلىۋانلار ھازىر بوپتۇ. چېلىش باشلىنىپتۇ. شاگىرت ئۇستازىغا مەست بولغان پىلدەك ئېتىلىپتۇ. ئەگەر تاغ چويۇندىن بولسىمۇ ئۇنى جايىدىن يۇلۇپلا ئېتىۋېتىدىغاندەك ئىكەن. ئۇستازى شاگىرتىنىڭ كۈچ-قۇۋۋەتتە ئۆزىدىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. دەرھال شاگىرتىغا ئۆگەتمەي قالدۇرغان ئۇسۇلنى ئىشلىتىپتۇ. شاگىرت بۇ ئۇسۇلنى بىلمىگەچكە قارشى تۇرۇشقا ئاجىز كەپتۇ. ئۇستازى شاگىرتنى بېشىدىن ئۈستۈن كۆتۈرۈپ ئايلاندۇرۇپ يەرگە قاتتىق ئۇرۇپتۇ. تاماشىبىنلاردىن تەھسىن-ئاپىرىن ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ. پادىشاھ ئۇستازغا كۆپ ئىنئاملار بېرىپتۇ. شاگىرتىغا بولسا: «ئۆزۈڭنى ئۇستازىڭدىنمۇ يۇقىرى قويماقچى بولدۇڭ» دەپ تەنە مالامەتلەر قىپتۇ. شاگىرت:

— ئۇستازىم كۈچ-قۇۋۋەتتە مەن بىلەن تەڭ ئەمەس ئىدى، پەقەت چېلىشىش ئۇسۇللىرىدىن ماڭا ئۆگەتمەي سىر تۇتقىنىنى ئىشلىتىپ غالىب كەلدى، — دەپتۇ. ئۇستازى:

— مەن مۇشۇنداق كۈنلەر ئۈچۈن چېلىشىش ئۇسۇللىرىدىن بىرىنى ئۇنىڭغا ئۆگەتمەي ئۆزۈمگە قالدۇر-دۇم. دانىشمەنلەر: «دوستۇڭغا ناھايىتى ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا ئارتۇقچە قۇۋۋەت بەرمە، مۇبادا بىر كۈنى دۈشمەن بولۇپ قالسا، بەرگەن قۇۋۋىتىڭ بىلەن سەندىن غالىب كېلىدۇ»، دېگەن دەپتۇ.

### مەرد يىگىت

بىر كۈنى مىسىردىكى بىر مەسچىتكە ئوت كېتىپتۇ. مىسىر سۇلتانى ئوت قويۇشتا ئەيىبلەنگەنلەرنى قولغا ئاپتۇ. ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قانچە ئادەم قولغا ئېلىنغان بولسا، شۇنچە كىچىك باغاقچىلەرنى تەييارلاپتۇ. ھەر بىر باغاقچىدا بىر كىشىنىڭ ئىسمى ۋە ئۇنىڭغا قانداق جازا بېرىلىدىغانلىقى يېزىلغانىكەن. مانا شۇ قەغەزلەرنى ھەركىمگە بىردىن تارقىتىپتۇ، كىمگە قانداق قەغەز چىققان بولسا، شۇنىڭغا يېزىلغان بويىچە جازالىناتتىكەن. بىر يىگىتكە ئۆلۈم جازاسى چىقىپتۇ. ئۇ ئەپسۇسلىنىپ:

— مەن ئۆلۈمدىن قورقمايمەن، ئەمما ئانامغا ئىچىنىمەن. ئۇنىڭ مەندىن باشقا ھېچكىمى يوق. مەندىن كېيىن قانداق ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى ئويلاپ قايغۇرىمەن، — دەپتۇ.

ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر يىگىتكە دەررە ئۇرۇش جازاسى يېزىلغانىكەن، ئۇ ئۆزىگە چىققان باغاقچىنى ھېلىقى ئۆلۈم جازاسى چىققان يىگىتكە بېرىپ ئۇنىڭكىنى ئۆزى ئاپتۇ ۋە جازا ئىجراچىلىرىغا:

— مېنىڭ ئانام يوق، يالغۇز بالىمەن. بۇ يىگىتكە بېرىلىدىغان ئۆلۈم جازاسىنى ماڭا، ماڭا كەلگەن دەررە ئۇرۇشنى ئۇنىڭغا بېرىڭلار، — دەپتۇ. ئىش ئۇنىڭ تىلىكىچە بوپتۇ.

تىللا-كۈمۈش چېچىش بىلەن مەردلىك كۆرسىتىش مۇمكىن، ئەمما، جاننى تىكمەك ئۇنىڭدىنمۇ ئەلا مەردلىكتۇر.

(تەييارلىغۇچى: گۈما ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى پېنسىيونېرى)


## ئوقۇرمەنلەر سەمىگە

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

نەشرىياتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق سانلىرىدىن 2009 - يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەتىمىن Tel: (0991) 4554017

# ئۇيغۇرلاردا بال ۋە شېكەر



مامۇت قۇربان

تارىم، تۇرپان ۋە جۇڭغار ۋادىلىرى ئەتراپىدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا بال ھەرىسى بېقىپ يىپەك يولىدا بال سودىسىنى راۋاجلاندۇرغان بولسا، ئارپا، قىزىلچا، ئۈجمە، سەۋزە، ھەر خىل مېۋىلەردىن مېۋە قىياملىرى، مېۋە شەربەتلىرى ۋە قىياملارنى ئالغان ۋە ئىستېمال قىلىپ كەلگەن ئىدى. بولۇپمۇ تارىم ۋادىسى ۋە تۇرپاندىن چىقىدىغان يانتاق شېكىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىشلىتىش تارىخى ئەڭ ئۇزاق بولغان شېكەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ھېلىھەم «تىرەنجىبىن» دېگەن نامى بىلەن ھەممە كىشى بىلىدىغان تەبىئىي شېكەرلەرنىڭ بىرى. خىمىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىدا خەۋەر قىلىنىشىچە ئەجدادلىرىمىز ئەڭ بۇرۇن بال (بال — ساپ تۈرك تىلى بولۇپ، ئەرەبچە «ھەسەل» دېيىلىدۇ)نى بايقىغان ۋە ئىستېمال قىلىپ كەلگەن. بال ئەڭ ئىپتىدائىي قەنت بولۇپ، بارلىق دورا-دەرمەكلەر ئۇنىڭسىز ياسالمايتتى. دىيارىمىزنىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغىچە قەدەر بوستانلىقلار، تەڭرىتاغلىرىدىكى گۈزەل يايلاقلار بال ھەرىسى كۆپ بېقىلىدىغان رايونلار ئىدى. ئەنە شۇ رايونلاردا بال ھەرىسى بېقىپ بال ئېلىپ بال سودىسى قىلىدىغان كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3-توم 213-بەتتە «بال» ھەسەل دەپمۇ ئاتىلىدۇ دەپ كۆرسەتكەن. كىشىلەر ئارپا شېكىرى ياكى قومۇش شېكىرىنى ئىختىرا قىلىشتىن ئىلگىرى بال بىردىنبىر تاتلىق يېمەكلىك ھەم دورا ئىدى. دىيارىمىزدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى زامانلاردا مېۋىنى بالغا چىلاپ، مېۋە قىياملىرىنى ياساش ھۈنەرلىرىنى كەشىپ قىلغانلىقى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز مىلادىدىن 2-، 3-ئەسىر ئىلگىرى «قارا ئۆرۈك قىيامى»نى ياساپ ئىسسىقتىن بولغان كېسەللەرگە ئىچىدىن بېرىلىدىغان دورا

سۈپىتىدە ئىشلەتكەن. خەن دەۋرىدە يېزىلغان «دورا ئۆسۈملۈكلەر قامۇسى» دېگەن كىتابتا بالنى دورا سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا توختىلىپ «بال ھەر خىل كېسەللەرگە شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەر خىل دورىلارنى ياسىغىلى بولىدۇ»①غانلىقىنى ھەمدە ياۋا بال ھەرىسى بالنى تاش ئۆڭكۈرلىرىگە، قىيالارغا سالىدىغانلىقىنى خاتىرىلىگەن. شۇڭا قەدىمكى خىمىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىدا بالنى « تاش بال»، «قىيالىق بېلى» دەپ خاتىرىلىگەن بولسا، يەنە بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا بالنى «ئارپا شېكىرى» دەپمۇ خاتىرىلىگەن بولۇپ، بال بىلەن ئارپا شېكىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىغان. خىمىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىدا خەۋەر قىلىنىشچە بال ئارپا شېكىرىگە قارىغاندا 200 ~ 1000 يىللار بۇرۇن، يەنى يېڭى تاش قورال دەۋرىدە بايقالغان. «تاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم باپانى» دېگەن كىتابتا « سەمەرقەنتلەر يېڭىدىن تۇغۇلغان بالىلىرىغا بال يېگۈزىدىكەن. بۇنداق قىلىشى بالىنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىن ئېغىزىدىن دائىم بالدەك تاتلىق سۆز چىقىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقى ئىكەن»② دەپ مەلۇمات بەرگەن. جەنۇبىي چاۋلياڭ دەۋرىدىكى تاۋسىجىڭ «دورا ئۆسۈملۈكلىرىگە ئىزاھاتلار مەجمۇئەسى» دېگەن كىتابتا بال ۋە بال ھەرىسى ئۈستىدە توختىلىپ بالنى «تاش بال» دەپ خاتىرىلىگەن ھەمدە جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلەر مەزگىلىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە بال ھەرىسى بېقىشقا كىرىشكەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە يېزىلغان «كۆللىھى مۆجىزات» دېگەن كىتابتا دىيارىمىزدا بالنىڭ ناھايىتى كۆپ چىقىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بېرىپ «غەربىي يۇرتنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك ئورۇنلىرىدا شېكەرگە قارىغاندا بال كۆپ چىقىدۇ»③ دەپ خاتىرىلەنگەن. «ئۇچ دۆلەت ھەققىدە قىسسە، سۇڭ لياڭنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابقا غەربىي يۇرتتىن چىقىدىغان «قارا ئۆرۈك قىيامى» خاتىرىلەنگەن. مانا بۇنىڭدىن دىيارىمىزدا بۇنىڭدىن 1600 ـ 1800 يىللار بۇرۇن بالنى ئىستېمال قىلىش ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

تارىم بويلىرىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىدە ئارپا، قىزىلچا، ئۈجمە، كۆك يانتاقلاردىن شېكەر ئېلىش تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن. ئۇلار ئەنە شۇ شېكەرلەر بىلەن يەشمەك، شەنشېكەر، ماروژنى ياساپ يىپەك يولىدىكى ھەر بىر ئۆتەڭلەرنى ئاۋاتلاشتۇرغان ۋە تومۇزنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇپ يۈرەكنى سەگىتىدىغان، كۆڭۈلگە ئارام بەخش ئېتىپ بەدەنگە قۇۋۋەت تولۇقلايدىغان ماددىي يېمەكلىكلەرنى كەشىپ قىلغان ئىدى.

ماروژنى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرى ئىختىرا قىلغان بىر خىل سوغۇق يېمەكلىك بولۇپ، ئۇ شېكەر، سۈت، تۇخۇم ۋە مۇز سۇيىدىن ئۇيۇتۇلىدىغان بىر خىل سوغۇق يېمەكلىك، مىلادىدىن ئىلگىرىمۇ ھەمدە ھازىرمۇ ماروژنى ئىشلەشنى كەسىپ قىلغان كىشىلەر بولغان ۋە بولماقتا.

دىيارىمىزدا ئۆسىدىغان ھەر خىل يەل-يېمىشلەر تەركىبىدە شېكەر مىقدارىنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە دىيارىمىزنىڭ يىپەك يولى سودىسىنىڭ تۈگۈنى بولۇشتەك ئەۋزەل شارائىتلار، قوغۇن قېقى، قۇرۇق ئۈزۈم، گۈلە-قاقلار، ۋاسالغۇ قاتارلىق قۇرۇق مېۋە تۈرلىرى، ياسلىش تارىخى بىر قەدەر ئۇزاق قارا ئۆرۈك قىيامى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تاتلىق-تۈرۈملەرگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇپلا قالماي، يەنە ئۆزلىرى تازىلاپ ئالغان شېكەرلىرىنى قوشنا ئەللەرگە ئېلىپ بېرىپ ساتقان ۋە ماددىي بۇيۇملارغا ئاماشتۇرۇش ئېلىپ بارغان ئىدى.

شېكەر تارىخىي مەنبەلەردە پارس تىلىدا «شېكېر» (sheker)، فىرانسۇز تىلىدا «كانت» (cand)، ئەرەب تىلىدا « al-sukker»، رۇس تىلىدا « sahar» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

شېكەر ئەڭ دەسلەپ ھىندىستاننىڭ شىمالىدا شېكەر قومۇشى بىلەن قەنت قىزىلچىسىدىن تازىلاپ ئېلىنغان. مىلادىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى شېكەر ھىندىستاندىن گىرېتسىيەگە چىقىرىلغانلىقى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار. ئۇ ئەڭ دەسلەپ دورا سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. مىلادى 5-ئەسىرلەرگە كەلگەندە «پارسلار ئاچقان مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتۇش تەتقىقاتلىرى ئۇچۇن ھىندىستاندىن شاھپۇرغا ئېلىپ كىرىلىدىغان دورا-دەرمەكلەر ئىچىدە ئاق شېكەرمۇ بار ئىدى»④.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-تومىدا بىر نەچچە يەردە «ئارپا شېكىرى»، «يانتاق شېكىرى» دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ. 1-توم 38-بەتلەردە تۈركىي تىللىرىغا كېيىن كىرگەن سۆزلەرنى يازمىدىم، دەپ يازغىنىغا قارد-

MIRAS

غاندا، دىيارىمىزدا شېكەر مىلادىيىدىن ئىلگىرىمۇ مەۋجۇتلۇقىغا گۇمان يوق. مىلادى 4-، 5-ئەسىرلەردە دىيارىمىزدا شېكەردىن ناۋات ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق رىۋايەت بار:

«شېكەر سودىسى قىلىدىغان بىر ئۇيغۇر سودىگىرى بىلەن پىل سودىسى قىلىدىغان بىر ھىندى سودىگىرى ھىندىستان تەرەپتىن بىرگە ھەمراھ بولۇپ يولغا چىقىپ مەلۇم ئۆتەڭگە كېلىپ چۈشىدۇ. ئۇيغۇر سودىگىرى خۇرجۇنىدىن ياڭاق چوڭلۇقىدا ئۈچ-تۆت پارچە ئاق تاشقا ئوخشايدىغان بىر نەرسىنى ئېلىپ چېيىغا سالغىنىنى كۆرگەن ھىندى سودىگىرى ئۇنىڭدىن ئۇ نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى سوراپتۇ. ئۇيغۇر سودىگىرى بۇ «ناۋات» دەپ جاۋاب بەرگەچ تېتىپ بېقىشقا بىر پارچە بېرىپتۇ. ھىندى سودىگەرى بۇ ئاق نەرسىنى تېتىپ كۆرۈپ، تەمىنىڭ تاتلىق، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئەگەر بۇ نەرسىدىن پىل چوڭلۇقىدا ياساپ بېرەلىسە پىلنى ئۇنىڭغا بېرىدىغان بولۇپ ئۆتۈشۈپتۇ. ئۇيغۇر سودىگىرى شۇ جايدىلا خۇمدان كولاپ، قازان ئېسىپ، بىر كېچە-كۈندۈز ۋاقىت ئىچىدە، شېكەر بىلەن پىل چوڭلۇقىدا ناۋات ئۇيۇتۇپ، ھىندى سودىگىرىنىڭ پىلىنى ئۇتۇۋاپتۇ. ئاخىر ئىككىسى ھەمدەم بولۇپ بۇ ناۋاتلارنى يۇرت-يۇرتلارغا ئېلىپ بېرىپ سېتىپتۇ». مانا بۇ گەرچە رىۋايەت بولسىمۇ، لېكىن دىيارىمىزدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىلادىيىدىن 700-900 يىللار بۇرۇن شېكەر ئېلىش، شېكەردىن ناۋات ئۇيۇتۇش ھۈنىرىنى ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

خىمىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىدىكى خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا ئۇيغۇرلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىلا شېكەرنى ھاك سۈيى، توغراق ئۇتۇن كۈلى(ياكى ئۇچلاك كۈلى) بىلەن



ئاقارتىش مەشغۇلاتىنى بىلەتتى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن جاسىشى «پۇقرالار ئۈچۈن تېرىقچىلىق دەستۇرى» دېگەن كىتابىدا شېكەر ئىشلەش ھۈنىرى ئۈستىدە توختىلىپ، كىتابىغا «ئاق شېكەر»، «قارا شېكەر»، «شېكەر ئېلىش» دېگەن بابلارنى كىرگۈزگەن. خەن، ۋېي دەۋرلىرىدە يېزىلغان «داڭلىق تېۋىپلار تىزىملىكى» دېگەن كىتابتا شېكەرنىڭ تېبابەتچىلىك رولى توغرىسىدا توختىلىپ «قاننى تولۇقلايدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ»[6] دەپ خاتىرىلىگەن. خىمىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىدا خەۋەر قىلىنىشىچە، تاڭ تەيزۇڭ (لىشمىن) غەربىي يۇرتتا قارغا ئوخشاش ئاپپاق، تاتلىق يېمەكلىك «شېكەر قىرۇسى» بارلىقىنى ئاڭلاپ، جىنگۇەننىڭ 21-يىلى (مىلادى 617-يىلى) ماگاھاتا دۆلىتى(ھىندىستاننىڭ گانگ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى باتىنا)گە شېكەر ئىشلەش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن تاڭ دۆلىتىدىن ئۇ يەرگە ئادەم ئەۋەتكەن. «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەركىزىسى» دېگەن كىتابتا «تەيزۇڭ ئەۋەتكەن ئەلچىلەر شېكەر ئىشلەش ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ كېلىپ، شاۋياڭدا شېكەر ئىشلىگەن. ئۇلار خام ئەشيانى يانچىپ، قاينىتىپ، ئاندىن تىنىدۇراتتى، رەڭگى ۋە تەمى غەربىي يۇرتنىڭ شېكىرىنىڭ تەمىگە يەتمەيتتى»[7] دەپ مەلۇمات بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن شېكەر ئېلىشنىڭ مەشغۇلاتى توغرىسىدا، بولۇپمۇ سۈزۈش، پارلاندۇرۇش، ئاقارتىش توغرىسىدا خەۋەر بېرىلمىگەن ئىدى. يەنە تاڭ دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە يېزىلغان «يېڭى تۈزۈلگەن گىياھلارنامە» دېگەن كىتابتا شېكەرنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا توختىلىپ «ئاۋۋال ناچار بولۇپ كېيىن ياخشىلانغان» دەپ خاتىرىلىگەن. يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا «تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» دېگەن كىتابتىمۇ ئوخشاشلا شېكەر ئىشلەش توغرىسىدا خەۋەرلەر بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن شېكەر ئېلىش مەشغۇلاتى مۇجمەل ئىدى. فىرانسىيەلىك لېيد ۋېد يازغان «ۋاڭ شۈەنسىنىڭ ھىندىستانغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دېگەن كىتابتا ۋاڭ شۈەنسىنىڭ ئەنەتكەك (ھىندىستان)كە نوم ئالغىلى بارغان ۋاقتىدا «ئۇ يەردىن شېكەر ئىشلەش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ كېلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە شېكەر ئىشلەش ئۇسۇلىنى سەل ئۆزگەرتكەن»[9] لىكى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا تاڭ شۈەنزۇڭ دائىم دېگۈدەك «سەگە-

دەش تاماقخانىسى»غا بېرىپ ماروۋنى يەپ ئۆزىنى سەگ-تىپ تۇرار ئىكەن. يۇقىرىدىكى تارىخىي پاكىتلاردىن تاڭ دەۋرىدە گەرچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە شېكەر ئىشلەش تېخ-نىكىسى ئېلىپ كىرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىشلىگەن شېكە-رى قارا رەڭلىك ھەم تەمسىز بولۇپ بازارغا سېلىشقا بول-مايدىغانلىقىنى، شېكەرنىڭ غەربىي يۇرتلاردىن كىرگۈزۈل-دىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ماركوپولو (مىلادى 1254 ــ 1323) «ساياھەت خا-تىرىسى» دېگەن كىتابىدا فۇجيەننىڭ يۇشى دېگەن جايىدا شېكەر ئىشلەش ئەھۋالىنى كۆرگەنلىكى توغرىسىدا توختى-لىپ «قۇبلەي بۇ رايونلارنى بويسۇندۇرۇشتىن ئىلگىرى پەقەتلا قارا شېكەر ئىشلەپچىقىرىلىدىكەن، قۇبلەي بۇ را-يونلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، چەت ئەلدىن تېخنىك كەلتۈرۈپ، بىر خىل دەرەخ كۆلى بىلەن شېكەرنى تازارتقان»⑩ دەپ مەلۇمات بەرگەن. 13-ئەسىرلەرگە كەلگەندە «فۇجيەندىكى شېكەر ئېلىش ئورنى چەت ئەلنىڭ تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلغاندىلا، ئاندىن تېخنىكا جەھەتتىن بىر قەدەر ئىلگىرىلىگەن»⑪. يۇەن دەۋرىدە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى لومىنشەن(تۆمۈر تۇبرۇك) يازغان «دېھقانچىلىق، ئۈجمىچىلىك، ئوزۇق-تۈلۈك ئاساسلىرى» دېگەن كىتابىدا شېكەر قومۇشىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنىڭ-دىن شېكەر ئېلىش تېخنىكىسىنى بايان قىلغان.

خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساس-لانغاندا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە پەقەت تاڭ دەۋرىنىڭ ئاخى-رىغا كەلگەندىلا شېكەر ئىشلەش ھۈنىرى بارلىققا كەلگەن. ئەينى ۋاقىتتا ئارپا، قەنت قىزىلچىسى ئاشلىق ئورنىدا ئىشلىتىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلاردىن شېكەر ئېلىش توغ-رىسىدا مەلۇمات يوق. 1637-يىللىرى يېزىلغان «كوللىھى مۆجىزات» دېگەن كىتابىنىڭ «تاتلىق - تۈرۈملەر» دېگەن بابىدا مالتوزىدىن ئېلىنىدىغان مەھسۇلات «ماتاڭ» (زىماتاڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئۈستىدە توختىلىپ ئۇنى «بىر پىلتە يېپەك» دەپ خاتىرىلىگەن ھەمدە ماتاڭ-نىڭ غەربىي يۇرتتىن چىقىدىغانلىقىنى، ئۇنى گۈرۈچ، ئارپا، بۇغدايلارنىڭ ئۈنلىرىدىن ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا توختىلىپ، ئۇنىڭ يېپىشقاق، ئاق رەڭلىك تاتلىق يېمەك-لىك بولۇپ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدىغانلىقى، قىشتا قېتىپ يازدا ئېرىپ كېتىدىغانلىقى توغرىسىدا تەپسىلىي توختالغان ھەمدە غەربىي يۇرتتا بال، شېكەرنىڭ كۆپ چىقىدىغانلىقى



توغرىسىدا خەۋەر بەرگەن.

تارىم بوستانلىقىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ئىچىدە مەخسۇس تاتلىق-تۈرۈم ياساشنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان ئائىلىلەر بولۇپ، ئۇلار شېكەر، ھەسەل ۋە باشقا نەرسى-لەرنى ئارىلاشتۇرۇپ تاتلىق يېمەكلىكلەرنى ياساش ھۈنە-رىنى بىلگەچكە «ماتاڭچى ئۇستىلار» دەپ ئاتالغان. يۇ-قىرىدىكى تارىخىي پاكىتلاردىن تارىم ۋادىسىدىكى قەدىم-كى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنلا ئارپىدىن ئارپا شېكىرى، ياڭاقتىن ياڭاق شېكىرى ئىشلەش ھۈنەرلىرىنى ئىگىلىگەنلىكىنى، كۈچا، قەشقەر ناۋاتلىرى، غۇلجا مەنپە-سىلىرى، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان زىماتاڭلىرىنىڭ ئۇزاق تارى-خىي جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ مۇكەممەللىنىپ بۈگۈن-گە كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. ساۋيۇەنيۇ «جۇگگو خىمىيە تارىخىدىن پارچىلار» جياڭسۇ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى 1979-يىل(خەنزۇچە) 215-، 216 - بەتلەر.

2. يۇي تيەنخېنىڭ (ياپونىيە) «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تا-رىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986-يىل (ئۇيغۇرچە) 84-بەت.

3. ساۋيۇەنيۇ «جۇگگو خىمىيە تارىخىدىن پارچىلار» جياڭسۇ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى 1979-يىل (خەنزۇچە) 216-بەت.

4. ھېنرى. M. سەيىست (ئامېرىكا) «خىمىيە تارىخىي تەسۋى-رى» سودا مۇلازىمەت نەشرىياتى 1982-يىل (خەنزۇچە) 52-بەت

⑤، ⑥، ⑦، ⑧، ⑨، ⑩، ⑪ لەر ساۋيۇەنيۇ «جۇگگو خىمىيە تارىخىدىن پارچىلار» جياڭسۇ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى 1979-يىل (خەنزۇچە) 213-، 214-، 216-، 217-، 218-، 220-بەت.


(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا)

MIRAS

# قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئالتۇن يارۇق



گېك شىمىن

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى شىن-
جاڭنىڭ تارىم ئويمانلىقى بىر مەھەل ئارخېئولوگىيەلىك
قېزىق نۇقتىغا ئايلانغانىدى. 1902 ـ يىلىدىن 1907 ـ يىلىغى-
چە ۋە 1913 ـ يىلىدىن 1914 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىللەر-
دە گېرمانىيە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تۆت قېتىم، گرۇنۋې-
دېل (A. Gruendewel) ۋە لېكوك (Le Coq) باشچىلىقى-
دىكى تەكشۈرۈش ئەترىتىنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى. ئۇلار
ئالدىنقى ئۈچ قېتىمدا تۇرپاندا، تۆتىنچى قېتىملىقى كۇچادا
تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئالدىنقى ئۈچ قېتىملىق تەكشۈ-
رۈش مەزگىلىدە ئۇلار تۇرپاندىكى مۇھىم خارابىلىكلەر-
دە، ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى خارابىسى، سىڭگىم ئېغى-
زى، مۇرتۇق بېزەكلىك، تويۇق قاتارلىق جايلاردا قېزىپ
تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇلار بۇ جايلاردىن كۆپلىگەن
ھەر خىل قەدىمكى تىل ـ يېزىقتىكى يازما ھۆججەتلەر (لې-
كوكنىڭ دېيىشىچە، 17 خىل تىل، 24 خىل يېزىقتىكى
يازما ھۆججەتلەر بار ئىكەن)، رەسىملەر، ھەيكەللەر ۋە
باشقا قەدىمكى يادىكارلىقلارغا ئېرىشكەن. بۇنىڭ ئىچىدە
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ئاساسىي نىسبەتنى
ئىگىلەيدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئالتۇن
يارۇق» (ئەپسۇسكى كۆپىنچىسى ۋاراقچە) لا نەچچە مىڭ
پارچىگە يېتىدۇ. بۇ ۋەسىقىلەر ئاساسلىقى بېرلىن پەنلەر ئا-
كادېمىيەسى تۇرپان تەتقىقات مەركىزىدە ساقلىنىۋاتىدۇ.

ئۇرۇشتىن كېيىن، يەنى گېرمانىيە 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ
يىللىرىدىن باشلاپ ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى شەرق تىل ـ يې-
زىقىدىكى يازما ھۆججەتلەر ئۈستىدە كاتالوگ تۈزۈش خىز-
مىتىنى باشلىدى. بۇ خىزمەتكە قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى
ئالاقىدار تىل ـ يېزىقنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملاردۇر. بۇ-
گۈنگىچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، تىبەت يېزىقى،
موڭغۇل يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، سانسكرىت يېزىقى،
ئەرەب ـ پارس يېزىقى، ئوسمان تۈرك يېزىقى قاتارلىق

يېزىقلاردىكى ۋەسىقىلەرنىڭ كاتالوگىدىن نەچچە ئون تومى نەشر قىلىندى. 20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدا ئىككى گېرمانىيە بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، بۇ جەھەتتىكى قەدەملەر تېخىمۇ تېزلەشتى.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئالتۇن يارۇق» — ھازىر ساقلىنىۋاتقان بىر قەدەر مۇكەممەل، مۇھىم بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ بىرىدۇر. گېرمانىيەدە ساقلىنىۋاتقان بۇ نومنىڭ فراگمېنتلىرى بۇ كىتابنى ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. گېرمانىيە بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيەسى تۇرپان تەتقىقات مەركىزىدىن دوكتور سىمون كرىستىئان راشمان ئۇزاق يىل تەتقىق قىلىپ پۈتكۈزگەن ئۈچ توملۇق «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹ئالتۇن يارۇق› نىڭ كاتالوگى» نى گېرمانىيە شەرقشۇناسلىق جەمئىيىتى (DMC) باشقۇرغان «گېرمانىيە شەرقشۇناسلىق يازما ھۆججەتلىرى كاتالوگى» مەجمۇئەسىدىكى «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما ھۆججەتلەرنىڭ 5-خىلى» دېگەن قىسمىدا 2000-، 2002-، 2005-يىللىرى گېرمانىيە ستۇتگارت شەھەرلىك نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

كىتابنىڭ ھەر بىر تومى تۆۋەندىكى قىسىملارغا بۆلۈنگەن: (1) كىرىش سۆز؛ (2) مۇقەددىمە (مەزمۇنى ماتېرىيالنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە كۆلىمى، ئالدىنقىلار تەتقىق قىلغان تارىخ، يازما ھۆججەتلەر ۋە ياغاچ ئويما نۇسخىلار)؛ (3) كاتالوگ: ھەر بىر ياپراقنىڭ يېزىلىشى، 1-قۇرى بىلەن ئاخىرقى قۇرى لاتىن ھەرپىدە يېزىلغان؛ (4) قىسقارتىلمىلار ۋە پايدىلانمىلار؛ (5) ھەر خىل تەرتىپ نومۇرلىرى سېلىشتۇرما جەدۋىلى؛ (6) بارلىق رەسىمى چۈشۈرۈلگەن بەت نۇسخىلىرى.

ئۈچ توملۇق كىتابتىكى تەرتىپ نومۇرى كاتالوگىنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1-توم: ئالتۇن يارۇقنىڭ 1-، 2-، 3-جىلدلىرى، يەنى 5—1 بۆلۈملىرى، 197—1 (ئالدى-كەينى يۈزى) بولغان ياپراقچىنىڭ يېزىلىشى؛

2-توم: ئالتۇن يارۇقنىڭ 4-، 5-جىلدلىرى، يەنى 11—6 بۆلۈملىرى، 400—198 ياپراقلىرىنىڭ يېزىلىشى؛

3-توم: ئالتۇن يارۇقنىڭ 6-، 7-، 8-، 9-، 10-جىلدلىرى، يەنى 798—401 ياپراقچىلىرىنىڭ يېزىلىشى؛ 674-نومۇرلۇق تېكىستىدىن كېيىنكى قىسىملىرى خاتىمە قىسمىغا تەۋە بولۇپ، قايسى جىلد، قايسى ياپراقچىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ؛ ئەڭ ئاخىرقىسى تولۇقلىمىسىدۇر.

تۆۋەندە ياپراقچىلارنىڭ يېزىلىشىدىن مىسال ئېلىپ ئۆتەيلى:

076 (بۇ تومنىڭ تەرتىپ نومۇرى) يېڭى تەرتىپ نومۇرى U9034 (كونا تەرتىپ نومۇرى: TIII 56.17 (TIII-گېرمانىيە 3-قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى دېگەن مەنىدە — ئاپتوردىن) Taf.8 (8-رەسىم).

بۇ ياپراقچىنىڭ ئەسلي نۇسخىسى 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا يوقاپ كەتكەن، پەقەتلا ئۇنىڭ فوتو سۈرىتى ۋە F.W.K.Mueller نىڭ قوليازمىسىنىڭ لاتىنچە ترانسكرىپسىيىسىلا ساقلىنىپ قالغان. بۇ ياپراقچە ئۇزۇن بامبۇك ياپراقچىسى شەكىللىك بولۇپ، پەقەت يۇقىرىقى يېرىم قىسمى ساقلىنىپ قالغان، ھەر بىر يۈزى 26 قۇردىن خەت يېزىلغان، يان سىزىق، قۇر سىزىقلىرى سىزىلغان، 7-5 قۇرلىرى ئارىسىغا تۆشۈك ئېچىلغان. ئالدى يۈزى (رۇسىيە نۇسخىسى 44، 45-11، 10) — نىڭ 1-قۇرى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قۇرلىرى لاتىنچە ترانسكرىپسىيە قىلىنغان. كەينى يۈزىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا گېرمانىيە مەلۇم قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى، تېپىلغان جاي ۋە تەرتىپ نومۇرى يېزىلغان. سول تەرىپىگە كىچىك خەت نۇسخىسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا 2-جىلد 5-بۆلۈمىدىكى خەت نۇسخىلىرى يېزىلغان. كەينى يۈزى (= رۇسىيە نۇسخىسى 46، 45-، 11، 12) 1-قۇرى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قۇرلىرى لاتىنچە ترانسكرىپسىيە قىلىنغان. يەنە مەسىلەن:

018 (بۇ تومنىڭ تەرتىپ نومۇرى)، يېڭى تەرتىپ نومۇرى U4251la ,b (كونا تەرتىپ نومۇرى)، Taf.8 (8-رەسىم).

ئىككى پارچە ياغاچ بەتلىك قاتلىما ياپراقچىنىڭ بىر يۈزىگىلا خەت يېزىلغان بولۇپ، مەزمۇنلىرى بىر-بىرىگە باغلانغان. قەغىزى نېپىز، سارغىيىپ قالغان، ھەر بىر يۈزىگە تۆت قۇردىن خەت يېزىلغان، رازمېرى: 4.9×4.14 سانتىمېتىر. ئالاھىدىلىكى: (U4251b ياپراقچىنىڭ 1-، 2-قۇرلىرى براخمى يېزىقىدا يېزىلغان. مەزمۇنى: سايتياستوترا (Caityastotra) غا تەۋە بولۇپ، رۇسىيە نۇسخىسىدىكى 19-16; 16-11, 30 دېگەن نومۇرلارغا توغرا كېلىدۇ. ئاخىرىدا — قۇرى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قۇرلىرى لاتىنچە

ترانسكرىپسىيە قىلىنغان.

دوكتور راشمان 1958 ـ يىلى تۇغۇلغان. 1981 ـ يىلى بېرلىن خومبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق تىل ـ يېزىقلىرى ئىلمىي فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن. 1981 ـ يىلى دېموكراتىك گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات گۇرۇپپىسىدا خىزمەت قىلغان. 1992 ـ يىلى خومبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسىنىڭ تېمىسى «شىنجاڭنىڭ 14 ـ 9 ـ ئەسىرلەردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹بۆز› (boez) دېگەن سۆزنىڭ تىل ـ يېزىق ئىلمى ۋە ئىقتىسادشۇناسلىق تارىخى تەتقىقاتىدىكى ئەھمىيىتى» دېگەن ماقالىسىدۇر.

ئۇ ئالدىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن ئۈچ توملۇق مەخسۇس ئەسىرىنى نەشر قىلغاندىن باشقا، 2007 ـ يىلى يەنە «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما ھۆججەتلەرنىڭ 13 ـ خىلى» (ھازىر گېرمانىيەدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىقتىساد ۋەسىقىلىرىنىڭ كاتالوگى»نى نەشر قىلدۇردى. بۇنىڭدىن سىرت ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇرپان ۋەسىقىلىرى تەتقىقاتىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلىرى نەچچە ئون پارچىگە يېتىدۇ. مەسىلەن:

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «بۇددسارتياۋاتاراغا شەرھى» (قەدىمكى شەرق تەتقىقاتى) 14 (1985) 318 ـ 309 غا كىرگۈزۈلگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «قوچۇ دۆلىتىنىڭ بۇيان ـ كەلىملىرى (قەدىمكى شەرق تەتقىقاتى) 14 (1987) 174 ـ 160 غا كىرگۈزۈلگەن.

«قوچۇ ئۇيغۇر پادىشاھلىقىدىكى قۇللارنىڭ رولى توغرىسىدا»، «سابىق كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ بۆلۈنۈپ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ــ 3 ـ قېتىملىق دېموكراتىك گېرمانىيە قەدىمكى زامان تارىخى كەسپىدىكى ياشلارنىڭ مۇھاكىمە يىغىنى»غا كىرگۈزۈلگەن.

«قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تۇرپان ۋەسىقىلىرى ــ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تارىخىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى»، «1987 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مىسىر، قەدىمكى ئاسىيا، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان شەرق يازما hreg,von ھۆججەتلىرىنىڭ كاتالوگىنى تۈزۈش ۋە تەتقىق قىلىشقا دائىر مەسىلىلەر مۇھاكىمە ئىلمىي ماقالىلار يىغىنىنىڭ توپلىمى» 149 ـ 141 غا كىرگۈزۈلگەن.

«قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ۋەسىقىلىرى تەتقىقاتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى» «قەدىمكى تۈرك تىلى تەتقىقاتى يىلنامىسى» (257 ـ 263) غا كىرگۈزۈلگەن.

«قوچۇ ئۇيغۇر پادىشاھلىقىدىكى باج، ئالۋان ـ ياساق ئۈستىدە تەتقىقات» (قەدىمكى شەرق تەتقىقاتى)19 (1992)، 159 ـ 155 غا كىرگۈزۈلگەن.

«بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ترانسكرىپسىيە قىلىنغان خەنزۇچە تۇرپان ۋەسىقىسى ئۈستىدە تەتقىقات» (قەدىمكى شەرق تەتقىقاتى) 19 (1992)، 159 ـ 155 غا كىرگۈزۈلگەن.

«بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان تارىخىي ماتېرىياللىرىغا دائىر تەتقىقات ئەھۋاللىرى» (ياپونچە)غا كىرگۈزۈلگەن.

«قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بۇددىزىم ۋەسىقىلىرىدىكى ‹بۆز› ئاتالغۇسى»غا كىرگۈزۈلگەن.

«‹ئالتۇن يارۇق› دىكى سوماكېتۇسىنىڭ چۈشىدە كۆرگەن ئالتۇن قوڭغۇراق ئۈستىدە تەتقىقات»، «بۇددىشۇناسلىق تولۇن ئېيى ـ پىروفېسسور Bechert نىڭ 65 ياشقا تولغانلىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن «مۇللېرنىڭ ‹ئالتۇن يارۇق› ئۈستىدىكى دەسلەپكى تەتقىقاتى»، «پىروفېسسور روخبورننىڭ 60 ياشقا تولغانلىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن.

«قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹ئون يەر› گە دائىر يېزىلغان فىراگمېنتلار ئۈستىدە تەتقىقاتلار»، «پىروفېسسور كارانىڭ 65 ياشقا تولغانلىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى» ئۇنىڭ يەنە تەھرىرلەپ نەشر قىلغان خاتىرە ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى، يىغىن ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى قاتارلىق ئون خىلدەك ئەسەرلىرى بار.

«‹ئالتۇن يارۇق› نىڭ 8 ـ بۆلۈمىدىكى بۇددىزىم نامىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، «ھىندىستان ۋە شىنجاڭدىكى تىل ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇچرىشىشى»غا كىرگۈزۈلگەن. تەھرىرلەپ نەشر قىلغان خاتىرىلەشكە دائىر ماقالىلار توپلىمى، يىغىن ماقالىلار توپلىمى قاتارلىق بىر نەچچە خىل ئەسىرلىرى بار.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئالتۇن يارۇق» ۋەسىقىلىرى ھازىر ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىم-

كى، ئەڭ مۇكەممەل ۋەسىقىلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇ تەخمىنەن 10-، 11-ئەسىرلەردە بېشبالىق (Beshbalyq) (خارابىسى بۈگۈنكى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى جىمسار ناھىيە تەۋەسىدە) لىق ئۇيغۇر ئالىمى سىڭقۇ سەلى (Singhqu Sali) تەرىپىدىن تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن بۇددا ساتۋاكتۋامىستو نۇسخىسىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىققان بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىل-يېزىقلىرىنى، مەدەنىيىتى ۋە دىنىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

گېرمانىيەدە ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىدىن باشقا، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرى (1904-يىلى)دا رۇسىيەلىك مالوف (Malov) دۆلىتىمىزنىڭ گەنسۇ يۇغۇر مىللىتى رايونىدا بايقىغان ھەم ئۇلارنى رۇسىيەگە ئېلىپ كەتكەن بۇ كىتابنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلانغان نۇسخىسى بولۇپ، ھازىر رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى سانكت-پېتىربۇرگ تارماق تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇن رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى رادلوف (W.Radloff)، مالوفلار يېڭى قويۇلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قوغۇشۇن ھەرپلىك يېزىقلارنى قايتىدىن نەشر قىلدى، لېكىن فوتو باسمىسىنىلا ئېلان قىلدى.

بۇ كىتاب ناھايىتى مۇھىم قىممەتكە ئىگە بولغاچقا، ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئىزچىل دۇنيا ئۇيغۇرشۇناسلىرىنىڭ تەتقىق قىلىدىغان ئاساسلىق ئوبيېكتى بولۇپ كەلدى. بۇ كىتابنى تەتقىق قىلىشقا تۆھپە قوشقان بىر قىسىم ئالىملاردىن: مۇللېر (F.W.K.Mueller) 1908-يىلى ئېلان قىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرى توپلىمى» (Uigurica I) دىكى گېرمانىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تۇرپاندا ئېرىشكەن بۇ كىتابنىڭ فراگمېنتلىرىنىڭ 1-(كىرىش سۆز)، 16-، 17-بۆلۈملىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى. 1930-يىلى باڭ (W. Bang)، گابائىن (von Gabain) «قەدىمكى ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرى تەتقىقاتى» Uigurische Studien, Ujb. Bd. 10A. دېگەن كىتابتا، ئۇنىڭ 3-جىلد 5-بۆلۈمى (گۇناھلارنى يوقىتىش بۆلۈمى)دىكى بىر قىسمىنى تەتقىق قىلدى. 1941-يىلى گابائىن ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «قەدىمكى تۈرك تىلى گىراماتىكىسى»نىڭ ئاخىرىدىكى قوشۇمچە قىسمىدا 10-جىلد 26-بۆلۈمدىكى ئۆزىنى قۇربان قىلغان يولۋاسنىڭ ھېكايىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى. 1945-يىلى تۈركىيەلىك ئالىم چاغاتاي (S.Chagatay) ««ئالتۇن يارۇق»تىكى ئىككى ھېكايە ئۈستىدە تەتقىقات» (ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ۋە تارىخ-جۇغراپىيە مەجمۇئەسى 46) دېگەن كىتابتا ئۆزىنى قۇربان قىلغان يولۋاس ھېكايىسى بىلەن كىتابنىڭ بېشىدىكى جاڭ جۇداۋغا ئالاقىدار ھېكايىلەر (كېيىنكى قىسىملىرى خەنزۇچە نۇسخىسىدا ئۇچرىمايدۇ) ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى. مالوف 1951-يىلى «قەدىمكى تۈرك ۋەسىقىلىرى» دېگەن كىتابقا ئىككى ھېكايىنى كىرگۈزدى. 1958-يىلى تۈركىيەلىك ئالىم س. تېكىن (S.Tekin) گېرمانىيە ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇق ماقالىسى سۈپىتىدە كىتابنىڭ 5-جىلد 9-بۆلۈمى (ئاسمان بۆلۈمى) بىلەن 10-بۆلۈمى (ئاسماننىڭ كېلىپ چىقىشى) دىن ئىبارەت ئىككى بۆلۈمى (1971-يىلى رەسمىي نەشر قىلىنغان) ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى. 1961-يىلى ئۇ يەنە كىتابنىڭ 2-جىلد تىرىكايا بۆلۈمى («ئۇرال-ئالتاي يىلنامىسى» (UAJb)، 33-تومغا كىرگۈزۈلگەن) نى تەتقىق قىلدى. 1966-يىلى ئۇ يەنە كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى بۇيان ئەۋرىمەك («ئاراتنى خاتىرىلەش ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» 1976 غا كىرگۈزۈلگەن) نى تەتقىق قىلدى. 1976-يىلى گېرمانىيەلىك پېتر زىيېمى (P.Zieme) 1-جىلد ئىككىنچى بۆلۈمدىكى بىر قىسىم مەزمۇنلار (1976-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1976-يىلى نەشر قىلىنغان «تۈركشۇناسلىق (Turcologia)» دېگەن كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن) نى تەتقىق قىلدى. 1977-يىلى ئۇ گېرمانىيەدە ساقلىنىۋاتقان فراگمېنتلىرىدىكى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان جاڭ جۇداۋغا ئالاقىدار ھېكايىلەرنى تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلدى. 1979-يىلى گېرمانىيەلىك روخبورن (Rohrborn) بىلەن ماۋئې (Maue) 1-جىلدتىكى «سەككىز مۇقەددەس جاي مەدھىيەسى» (گېرمانىيە شەرقشۇناسلىق جەمئىيىتى ژۇرنىلى» ZDMG ، 129-تومغا كىرگۈزۈلگەن)نى تەتقىق قىلدى. 1993-يىلى R.Finch 16-جىلد 17-بۆلۈمى (TUBA17) نى تەتقىق قىلدى. 1994-يىلى تۈركىيەلىك ئالىم Ceval Kara يەنە رۇسىيەدىكى قوغۇشۇن ھەرپلىك باسما نۇسخىنىڭ لاتىنچە ترانسكرىپسىيە نۇسخىسىغا ئاساسەن، «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئالتۇن يارۇق» دېگەن كىتابنى ئېلان قىلدى.

مەن 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئالتۇن يارۇق» ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا باشلاپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ قەدىمكى ئۇيغۇر

يېزىقىدىكى «ئالتۇن يارۇق» نىڭ 9 ـ جىلد «مۆتىۋەر ئوغۇلنىڭ ئېيقىن سۆلىرى»، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئالتۇن يارۇق» نىڭ 6 ـ جىلد «تۆت ئىلاھنىڭ دۆلەتنى قوغدىشى» ئۈستىدە تەتقىقات، «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى› ۋە تەرجىمان سىڭقۇ سەلى» قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلدىم. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى مەزگىلىدە مېنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتىم جاڭ تېشەن، ئەركىن، جۇ بىيچۈەن ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ماقالىسىدە بۇ كىتابتىكى ئايرىم جىلد بۆلۈملەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى.

ئىلگىرىكى بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، نۇرغۇن تۈركشۇناسلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇ مۇھىم ئەسەرنى تەتقىق قىلدى. لېكىن بۇگۈنگىچە پۈتكۈل تېكىستىنىڭ سېلىشتۇرما نۇسخىسى ئېلان قىلىنمىدى. تۈركشۇناسلار بۇ كىتابنى تەتقىق قىلغاندا قەدىمكى خەنزۇ تىلى ۋە خەنزۇشۇناسلار بىلەن ھەمكارلاشقاندىلا، ئاندىن خاتالىقلاردىن ساقلىنالايدۇ. مەسىلەن، 1994 ـ يىلى تۈركىيەلىك ئالىم كارا (C.Kara) «ئالتۇن يارۇق» دېگەن كىتابنى نەشر قىلدى، خەنزۇچە بىلمىگەچكە، «神通» دېگەن سۆزنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى Kuugalig دېگەن سۆزنى ئايرىپ چىققان ئىككى سۆزگە Kalig بىلەن Kuo گە باراۋەر قىلدى. ھەتتا قەدىمكى تۈرك تىلىنىڭ پېشۋاسى ئاكادېمىگ مالوفمۇ خەنزۇچىنى بىلمىگەچكە، تەرجىمە جەريانىدا «ئۆزىنى قۇربان قىلغان يولۋاسنىڭ ھېكايىسى» نى تەرجىمە قىلغاندا خاتالىق سادىر قىلدى①. ئەكسىچە دۆلىتىمىزنىڭ تۈركشۇناسلىرى بۇ جەھەتتە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مالوف، رادلوفلار قوغۇشۇن ھەرپلىك تەگلىك باسما نۇسخىسىنى ئېلان قىلغان ۋاقتى (1917~1913 يىللار)دا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر تەتقىقاتى ئەمدىلا باشلانغانىدى. ئىلگىرىكى بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ھەرقايسى دۆلەت ئالىملىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا قەدىمكى ئۇيغۇر ۋەسىقەشۇناسلىق تەتقىقاتىدا زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى. ئاخىرىدا ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. نۆۋەتتە جىددىي ۋەزىپە شۇكى رۇسىيەدە ساقلىنىۋاتقان مىكرو لېنتىسى بىلەن راشمان خانىم تۈزگەن كاتالوگى ئارقىلىق، يۇقىرى سەۋىيەگە ئىگە بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئالتۇن يارۇق» غا دائىر ئەسەرلەرنى يېزىپ پۈتكۈزۈشىمىز كېرەك.

**ئىزاھاتلار:**

① «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى بىر قانچە سۆز ئۈستىدە يەشمە»، ئىنگلىزچىسى بولۇپ، «مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ۋە ۋېنگرىيە «شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلى»، (AOH)، 2002 ـ يىل قاتارلىقلاردا ئېلان قىلىنغان.

ھەببۇللا خەلىۋۇللا تەرجىمىسى

# ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز بۇ يىلدىن باشلاپ ئۇنۋان ئالماقچى بولغان قېرىنداشلىرىمىزغا قۇلايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىڭىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ. شۇڭا بىز بىلەن ئالاقىلاشقايسىز.

تېلېفون نومۇرى: 4554017 ـ 0991

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

# تەكلىماكاندىكى گىگانت راۋاق



**يالقۇن ياقۇپ**

راۋاق قەدىمىي بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى خوتەن رايونىدا ھازىرغا قەدەر بايقالغان قەدىمىي بۇددا ئىمارەتلىرى يادىكارلىقلىرى ئىچىدە بىر قەدەر ياخشىراق ساقلانغان ئورۇن. خوتەن ئېلىمىزنىڭ غەربىگە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەڭ جەنۇبىغا، ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ئۇ ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئۇيغۇر، خەنزۇ قاتارلىق كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ناھايىتى قەدىمىي، سېھىرلىك، جەلپكار گۆھەر ماكان. ئۇ قەدىمدە بۇددا دىنىنىڭ گۈللەنگەن مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ، خەلقئارا «قاشتېشى يولى»، «يىپەك يولى» تۈگۈنى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك (جۇڭخۇا) مەدەنىيىتى، ھىندى - بۇددا مەدەنىيىتى، رىم - گرېك مەدەنىيىتى، ئەرەب - پارس مەدەنىيىتى ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ئاجايىپ مەدەنىيەت مەركىزىدە ئېلىمىزنىڭ ئۆزگىچە پارلاق مەدەنىيىتىنى ياراتقان.

راۋاق بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى خوتەن ۋىلايىتى لوپ ناھىيەسىنىڭ شىمالىغا، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان. خەرىتىدىكى ئورنى شەرقىي مېرىدىئان "49 ´09 80، شىمالىي كەڭلىك" 44 ´20 37، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1279 مېتىر كېلىدۇ. ھازىر بوستانلىق بىلەن بولغان ئارىلىقى 30 كىلومېتىر بولۇپ، خوتەن شەھەر مەركىزىگە 53 كىلومېتىر، لوپ ناھىيە مەركىزىگە 70 كىلومېتىر كېلىدۇ، ھازىر ئېگىز قۇم بارخان دۆۋىلىرى بۇ خارابىنى ئوراپ تۇرىدۇ.

«راۋاق» ئاتالغۇسى ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «ئۈستىگە چىققىلى بولىدىغان قىلىپ ياسالغان مۇنار»

ياكى «ئەتراپىنى كۆزەتكىلى ياسالغان مەخسۇس ئىمارەت» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. مۇشۇ چۈشەنچىگە ئاساسلانغاندا، بۇ خارابىنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان قىسمى، يەرلىك خەلقنىڭ كېيىن بۇ خارابىغا قويغان نام ـ ئاتالغۇسىغا ئاساسەن مۇۋاپىق. چۈنكى راۋاق قەدىمكى بۇتخانىسى ئۆز زامانىسىدا ھەيۋەتلىك ئېگىز مۇنار بولغان چوڭ بۇددا ئىبادەتخانىسى بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە بۇ بۇتخانا ئۆيلىرى ۋە باشقا ئەسلىھەلىرى يوقىلىپ خارابىگە ئايلىنىپ كەتكەن، پەقەت ئېگىز مۇنار بۇ ئىبادەتخانىنىڭ تۆت ئەتراپىغا سېلىنغان قورشاۋ ھويلا تامنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ساقلىنىپ قالغان.

راۋاق بۇددا خارابىلىكىنى ئارخېئولوگ ستەيىن 1901ـ يىلى، 1906 ـ يىلى ئىككى قېتىم مەخسۇس قېزىش ئېلىپ بارغان. 1928 ـ يىلى گېرمانىيەلىك تىرىنكلېر ئوغرىلىقچە قېزىش ئېلىپ بارغان. ئېلىمىز ئارخېئولوگى خۇاڭۋېنبى 1929 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. 1942 ـ يىلى لوپنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھاكىمى جۇباۋچىڭ بۇتخانىنىڭ شىمالىي تېمىدىن ئۈچ دانە ئالتۇن يالىتىلغان بۇت قاتارلىق نۇرغۇن ئاسار ئەتىقىلەرنى قېزىپ ئېلىپ كەتكەن. خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئورنى 1980 ـ يىلى 2 ـ ئاي ۋە 1985 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. بىر نەچچە قېتىملىق قېزىپ تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ خاتىرىسى، بۇت ھەيكەل، تام سۈرەتلەر ۋە خەن دەۋرىگە تەۋە «ۋۇجۇ» مىس پۇلى قاتارلىق تېپىلمىلارغا بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، تەخمىنەن مىلادى 2 ـ ئەسىرلەردە ياسالغان ياكى كېڭەيتىپ ياسالغان. 10 ـ ئەسىرلەردە (يەنى خوتەنگە ئىسلام دىنى كىرىشنىڭ ئالدىدا ) قۇم ـ بوران ئاپىتىدە ئاستا ـ ئاستا خارابىلاشقان. راۋاق بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى 2001 ـ يىلى «دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلگەن.



## 1. راۋاق بۇددا قەدىمىي خارابىسىنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلمىسى ۋە تېپىلمىلار

راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ قۇرۇلمىسىدا قەندىھار مەدەنىيەت تەسىرى بىلەن خوتەن بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، قۇرۇلۇش ئومۇمىي كۆلىمى 2242.25 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا، ھازىرمۇ ئاساسەن ساق تۇرۇۋاتقان مۇنارنىڭ يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى توققۇز مېتىر ئەتراپىدا. مۇنار سۇپىسىنىڭ تۆۋەن قەۋىتى كرېست (+) شەكلىدە، ئىككىنچى قەۋىتى چاسا شەكلىدە، ئۈچىنچى قەۋەت گەۋدە قىسمى سىلىندىر شەكلىدە قوپۇرۇلغان. بۇددا بىناكارلىق سەنئىتىدىن قارىغاندا، سىلىندىر ئۈستىگە بارغانسېرى كىچىكلەپ ئۈچلىنىپ ئېگىزلىگەن قۇرۇلمىسى بولۇشى مۇمكىن.

مۇنار سۇپىسىنىڭ ئومۇمىي دىيامېتىرى 9.6 مېتىر بولۇپ، سۇپىدىن تەكشى يىراقلىقتا تۆت ئەتراپىغا چوڭ ھويلا قورشاۋ تام سېلىنغان. شەرقىي شىمال، شەرقىي جەنۇب تەرەپ تامنىڭ ئۇزۇنلۇقى 45.5مېتىر، غەربىي شىمال، غەربىي جەنۇب تەرەپ تېمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 49.5 مېتىر، تامنىڭ ھازىرقى ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، تام ئەڭ ئۈستى يۈزى كەڭلىكى 70 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ھويلا قورشاۋ تامنىڭ شىمال، جەنۇب، غەرب تەرەپلىرى ئاساسەن ساق. شەرق تەرەپ تامنىڭ ئوتتۇرىسى (تۆت مېتىرچە) بۇزۇلۇپ تۆكۈلگەن. بەلكىم بۇ جاي بۇتخانىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئورنى بولسا كېرەك. بۇ تەرەپ تامنىڭ قالغان قىسىملىرىمۇ ھازىر ئاساسەن يىقىلىپ كەتكەن. راۋاق قەدىمىي بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى ھويلا قورشاۋ تېمىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپى پۈتۈنلەي قۇم ئاستىدا (بولۇپمۇ تام سىرتقى يۈزى) قالغان، غەربىي شىمال تەرىپىنى يېرىم قۇم باسقان، شەرق تەرىپىنى قۇم باسمىغان بولسىمۇ، باشتا دېگىنىمىزدەك بۇ تەرەپ تام يىقىلىپ كەتكەن.

راۋاق بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسىنىڭ ھازىرقى ھالىتى مۇنارنى مەركەز قىلغان چاسا شەكىللىك ھويلا بولۇپ، مۇنار ۋە ھويلا قورشاۋ تامدىن ئىبارەت. مۇنارنىڭ ئۈستىدىن ئەستايىدىل كۆزىتىدىغان بولساق، مۇنار ئۇلىنىڭ تۆت تەرىپىدە پەلەمپەي بارلىقىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. ھازىرقى بايقاشتا غەربىي تام سىرتىنىڭ تام بويلاپ تۆت مېتىر كەڭلىكتە خېلى كۆپ بۇتخانا ئۆيلىرىنىڭ تام قالدۇق ئىزى بار، ئەينى چاغدا بۇتخانا ئۆيلىرى، ھويلا قورشاۋ تامنىڭ دەرۋازىسىدىن باشقا جايلىرىنىڭ ھەممىسىدە بولسا كېرەك.

بۇ خارابىدىكى ھويلا قورشاۋ تام خام كېسەكتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، ھەر بىر تال كېسەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 35 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئون سانتىمېتىر كېلىدۇ. تام ۋە مۇنارغا ئىشلىتىلگەن خام كېسەكلەر

قېلىپ بىلەن قۇيۇلغان. يېقىنقى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، كېسەكنىڭ سىلىق يۈزىدە تىرناق ياكى باشقا نەرسە بىلەن (كېسەك قۇيۇلغان ھۆل چېغىدا) جىجىپ يېزىلغان يېزىق ھەرپ بەلگىلىرى بارلىقى بايقالغان. بۇ خارابىدىكى ھويلا قورشاۋ تامنىڭ ئىچى-تېشى ھەر ئىككى يۈزى چوڭ-كىچىك بۇت ھەيكەللىرى، رەڭلىك تام سۈرەتلىرى بىلەن توشقۇزۇلغان بولۇپ، ئېچىلىپ قالغان (1985-يىلقى تەكشۈرۈشتە) چوڭ بۇت ھەيكەللىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك گەۋدىسى چېپىپ تاشلىنىپ بەل ئاستى قىسمىلا قالغان.

جەنۇبىي تامنىڭ شەرققە سوزۇلغان باش تەرەپ قىسمىدا قۇمغا كۆمۈلۈپ تۇرغان (چېپىپ تاشلانغان چوڭ بىر بۇت ھەيكىلىنىڭ ئىككى يېنى تۆۋەن تەرىپىدە) ئالتىدىن جەمئىي 12 دانە تېۋىنغۇچى كىچىك بۇت ھەيكىلى تامغا چاپلانغان پېتى ساق تۇرغان. تامدىكى مۇۋاپىق ئارىلىق بويىچە ئورۇنلاشقان چوڭ-كىچىك بۇت ھەيكەللىرى ۋە ئۇلار ئارىسىغا كىرىشتۈرۈپ سىزىلغان تام سۈرەتلىرى تۆت تەرەپ تامنىڭ ھەممىسىدە بارلىقىنى تامنىڭ كۆرگىلى بولىدىغان يەرلىرى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ (مەسىلەن، غەربىي تامنىڭ ئوتتۇرا قىسمى غەربىي يۈزىدە، بېلى تار ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن، چېچىنى تۇرۇۋالغان بىر ئايالنىڭ قولىدا پىيالىدەك قاچا تۇتقان، ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىر كىشىنىڭ چەينەكتەك بىر نەرسە تۇتۇپ تۇرغان رەڭلىك سۈرەت ئېنىق كۆرۈنىدۇ. بۇ پەقەت بىرلا جايدىكى كىچىككىنە مىسال، ئەلۋەتتە).

راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسى ئۆز ۋاقتىدا خام كېسەك بىلەن سېغىز لايدىن ياسالغان بولغاچقا، بۇگۈنگىچە بۇ جايدا ساقلىنىپ قالغان بۇتخانىغا ئائىت كونكرېت نەرسىلەرى كۆپ ئەمەس. بۇ خارابىدىن بۇت ھەيكەللىرى، بۇتخانىنىڭ قىسمەن بېزەك پارچىلىرى، رەڭلىك تام سۈرەتلەر، خەن دەۋرىگە تەئەللۇق «ۋۇجۇ» مىس پۇل، ھەر خىل مارجان، كەپتەرنىڭ كىچىك ھەيكىلى، قىسمەن ساپال بۇيۇم پارچىلىرى قاتارلىقلار تېپىلغان. مىس پۇلنىڭ دىيامېترى 2.5 سانتىمېتر، قېلىنلىقى بىر مىللىمېتر، ئوتتۇرىدىكى تۆشۈكى تۆت چاسا داتلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، خەن دەۋرىگە تەۋە «ۋۇجۇ» مىس پۇلى ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.

2. راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسىدىكى بۇت ھەيكەللەر ۋە تام رەسىملىرىنىڭ ئۆزگىچە سەنئەت ئالاھىدىلىكى

مىلادىيىدىن كېيىنكى 1-، 2-ئەسىرلەرگە كەلگەندە خوتەندە قەندىھار ئۇسلۇبى بىلەن خوتەن يەرلىك ئۇسلۇبى بىرلەشتۈرۈلگەن بىناكارلىق سەنئەت ئۇسلۇبى مەيدانغا كەلگەن. راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسىمۇ دەل مۇشۇ خىلدىكى سەنئەت ئۇسلۇبىنىڭ مەھسۇلىدۇر. راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسىدىكى بۇت ھەيكەللىرىنىڭ كىيىم فورمىلىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان كۆپتۈرمە سىزىقلار بىلەن ئىپادىلەنگەن. بەدىنىنىڭ گەۋدىلىك قىسىملىرى تەبىئىي ھالدا ئېچىلىپ ئىستېرېئولۇق تۇيغۇ بېرىدۇ. ھەيكەللەرنىڭ ھەرىكىتى ھەم تەبىئىي، ھەم نەپىس، كىيىملەر بەدەنگە يېپىشتۇرۇلۇپ، خوتەننىڭ مەشھۇر «ھۆل كىيىم» ئۇسلۇبى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. زىننەت خاراكتېرىدىكى «U» شەكىللىك كىيىم فورمىلىرى ناھايىتى راۋان ۋە تەرتىپلىك بولۇپ، كىشىگە گويا يۇپقا قۇم ئارىسىدىن كۆرۈنگەن بەدەندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ھەيكەللەرنىڭ يۈزى يۇملاق، سالاپەتلىك، كۆزلىرىدىن تەبەسسۇم چاقناپ تۇرىدۇ. قاشلىرى ئېگىز بولۇپ، پېشانىسى بىلەن ئۇدۇللا تۇتىشىدۇ. ئاغزى ئۆلچەملىك، لەۋلىرى قېلىن، مۇرە ئارىلىقى كەڭ، كۆكرەك قىسمى تۈز، بېلى ئىنچىكە، كىيىمى پۈتۈن بەدد-











نىنى يۈگگەن قىياپەتتە ياسالغان. ئىبادەتخانا ھويلا تېمىنىڭ (ھازىرقى ساقلىنىپ قالغان مەركىزىي تامنىڭ) ئىچى - سىرتىدا تامغا يۆلەپ ياسالغان چوڭ ئۆر بۇت ھەيكەللىرىنىڭ (باشسىز گەۋدىسى) ئېگىزلىكى تەخمىنەن ئۈچ مېتىر كېلىدۇ. ئۆرە بۇت ئارىلىقىغا سەل تۆۋەنگىرەك ئورۇنلاشتۇرۇلغان كىچىك بۇت ھەيكەللەر بىرقىسمى ھېلىھەم قۇم ئاستىدا ياتماقتا.

ئۆرە بۇتلارنىڭ كۆكرىكىنىڭ ئۈستى بۇزۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، قالغان ئوتتۇرانچى ۋە كىچىك بۇتلار ناھايىتى مۇكەممەل ساقلانغان. بۇت ھەيكەللىرىنىڭ ئارىلىقىغا يەنە كۆپتۈرمە قىلىپ ياسالغان نىلۇفەر گۈلى ئىچىدە ئولتۇرغان بۇتنىڭ كىچىك ھەيكەللىرى چاپلانغان. چوڭ بۇتلارنىڭ ئارىسىدىكى بوش يەرگە تام رەسىمى سىزىلغان. 1901 - يىلى سىتەين شەرقىي جەنۇبىي تامنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن 91 دانە چوڭ - كىچىك بۇت ھەيكەللىرىنى قازغان.

1980 - يىلى 2 - ئاي، 1985 - يىلى 10- ئايدا خوتەن مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئورنىدىكى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى غەربىي جەنۇب تەرىپىدىن بىر بۆلەك بۇت ھەيكەللىرى توپىنى بايقىغان. بۇت ھەيكەللەر ئىنتايىن تەرتىپلىك ھالدا خۇددى ئېچىلىپ تۇرغان نىلۇفەر گۈلگە تەقلىد قىلىنىپ، چوڭ بۇتنى مەركەز قىلىپ، ئۈستى - ئۈستىلەپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ بۇتلار ئارىسىدىكى چوڭ بۇتلارنىڭ كۆكرىكىنىڭ ئۈستى بۇزۇۋېتىلگەن. قالغان قىسمىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدە كىچىك بۇتلار سول قولىنى ئالدىغا چىقىرىپ، بۇددا دىنىدىكى «abhayamudra »، يەنى «قوغداشقا تەييار تۇرۇش» قول ئىشارىسىدە ئېچىلغان ئالقىنىنى ئالدىغا قارىتىپ، تەبەسسۇم قىلىپ تۇرىدۇ. چېچى چوققىسىغا تۈرمەكلەنگەن. ھەممىسىنىڭ كەينىدە نۇر چەمبىرىكى بار. كىشىگە بىر خىل ئىستېرېئولۇق تۇيغۇ بېرىدۇ. بۇت ھەيكەللىرى سېغىز لاي بىلەن ياسالغان بولۇپ، ھەممىسىنىڭ چىرايىنىڭ ئاساسەن ئوخشاشلىقىغا قارىغاندا بېشى بىر خىل قېلىپتا قۇيۇپ چىقىرىلغان بولۇشى مۇمكىن.

1988 - يىلى شەرقىي جەنۇبىي تامنىڭ سىرتىدىن لايدىن ياسالغان بىر چوڭ بۇتنىڭ بېشى بايقالغان. بۇ بۇت بېشىنىڭ ئېگىزلىكى 43.3 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 22.5 سانتىمېتىر بولۇپ گەۋدىسىدىن ئاجراپ كەتكەن، باشنىڭ ئۆلچىمىگە قاراپ تۇرۇپ، مەزكۇر بۇتنىڭ ئەينى ۋاقىتتا كەم دېگەندىمۇ 3.5 مېتىر ئېگىزلىكتە ياسالغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ. چاچ شەكلىنىڭ دولقۇنسىمان بولۇشى، قۇلاق شەكلىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى ھەم چىرايىدىن يېغىپ تۇرغان مېھىر - شەپقەت ۋە ئىللىقلىق ھالەتلىرىدىن ئۇنىڭ بۇددىنىڭ ھەيكىلى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ ھويلا تاملىرىنىڭ ئىچى - تېشىدىكى مۇۋاپىق جايلارغا ئەينى دەۋردە گۈزەل تام رەسىملىرى سىزىلغان. يېقىنقىچە چوڭ بۇت ھەيكەللەر ئارىلىقىدىكى ھاك بىلەن ئاقارتىلغان بوش يەرلەردە تام رەسىملىرىنىڭ قالدۇقلىرى كۆزگە چېلىقىدۇ. 1985 - يىللىرى ھويلىنىڭ غەربىي شىمالىي تامنىڭ سىرتى (مەركىزىي تامنىڭ سىرتقى يۈزى) دىن بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلانغان تام رەسىمى بايقالغان. رەسىمدە ئوڭ قولىدا كۈجدان كۆتۈرۈپ، سول قولىدا « mudra jnana» نى، يەنى — چۈشىنىش، بىلىش ئىشارىسىنى قىلىۋاتقان بىر ئايال تېۋىنغۇچىنىڭ ئوبرازى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئايالنىڭ كۆزى يۇمۇلاق، بېشى تۆۋەنگە سەل ئېگىلگەن بولۇپ، «پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مايىل بولۇش،

بۇددىغا سېغىنىش» ئىچكى ھېسسىياتى روشەن ئىپادىلەنگەن. تېۋىنغۇچىنىڭ بېشىنىڭ سول تەرىپىگە يوپۇرماقلىق گۈل شېخى سىزىلغان بولۇپ، گۈل شېخىنىڭ تۆۋەن ئۇچى تېۋىنغۇچىنىڭ كۆكرىكىنىڭ سول تەرىپىگە تۇتاشتۇرۇلغان. دېمەك بۇ «يۈرەكتىن كۆكلەپ چىققان گۈل» بىر خىل سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولۇپ، تام رەسىمدە گۈلنىڭ ئۈستى تەرىپى ساقلانمىغاچقا، ئۇنىڭ نېمە گۈل ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ (ئەمەلىيەتتە ئوخشاش بولمىغان گۈللەردە ئوخشىمىغان مەنە ۋە ئارزۇ ئىستەك ئىپادىلىنىدۇ). گېرمانىيەلىك ئۇيغۇرشۇناس گابائىننىڭ قارىشىچە، گۈل يەنە بىر جەھەتتىن بۇددىنىڭ مۇبارەك جامالىغا سىمۋول قىلىنغان. تېۋىنغۇچىنىڭ چاچلىرى تۈرمەكلەنگەن. ئىككى قۇلىقىغا زىننەت لېنتىلىرى ئورنىتىلغان. ئۇستىگە كالتە يەڭلىك نېپىز كىيىم كىيگەن، جەينىكىنىڭ تۆۋىنىدىن ئالقىنىغىچە يۇپقا يەڭلىك كىيگەن، بېلى ئىنچىكە، كاسسا سەل گەۋدىلەنگەن، بېلىنىڭ ئاستىغا پۈرمىلىك يوپكا كىيگەن ھالەتتە سىزىلغان بولۇپ، كالتە يەڭلىك كۆڭلەكنىڭ ياقىسى ۋە كالتە يەڭنىڭ ئۇچى ئايرىم نەقىشلىك كانارىلار بىلەن بېزەلگەن. كۆڭلەك سىرتىدىن بۇ تېۋىنغۇچىنىڭ تولغان كۆكسى ۋە ئىنچىكە بەللىرى ئەينەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. پۈرمىلىك يوپكىنىڭ يۇقىرى تەرەپ بەل قىسمى تار بولۇپ، تۆۋەنگە چۈشكەنسېرى كېڭىيىپ بارغان. پۈرمىنىڭ باشلانمىسى دولقۇنسىمان توغرا سىزىقلار بىلەن، يوپكىنىڭ گارمونىك قاتلاملىرى پاراللېل تۈز سىزىقلار بىلەن ئىپادىلەنگەن. مەزكۇر سۈرەت ھاك بىلەن ئاقارتىلغان ئاق تام ئۈستىگە سۇس قىزىل رەڭ بىلەن سىزىلغان. رەسساملىق ئۇسلۇبى جەھەتتە خوتەننىڭ ئەڭ بۇرۇن شەكىللەنگەن «ھۆل كىيىم» رەسساملىق ئۇسلۇبى ئاساسىدا ئىشلەنگەن بولۇپ، تېۋىنغۇچى بۇتلارنىڭ كىيىم شەكلى گويا پەرىلەرنىڭ نېپىز يىپەك كىيىم بىلەن خۇددى ھازىرلا سۇدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققاندەك بەدىنىگە چاپلىشىپ، بەدەن گۈزەللىكىنى ھەقىقىي نامايان قىلىپ بەرگەن.

يەنە بىر ئەرنىڭ رەسىمدە بېشىغا چوققىسى تۈگۈنچەكلەنگەن دوپپا كىيگەن، ئۇزۇنچاق يۈز، كۆز قاپقى قاتلاش، بۇرنى ئىلپەتەك، قۇلىقى چوڭ، لەۋلىرى سەل قېلىن، بۇرۇتى ئىنچىكە ياسالغان، كۆكرىكى چوڭ، بېلى ئىنچىكە، ئۇزۇن يەكتەك كۆڭلەكنىڭ بېلى پوتىدا چىڭ باغلانغان، پۇتىغا ئىشتان، قارا ئۆرۈمە كالتىساق ئۆتۈك كىيگەن بولۇپ، سول پۇتىنى كېرىپ تۇرۇشى ناھايىتى چەبدەس، سالاپەتلىك كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

ئىتالىيە ئالىمى، رىم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى مارىئو بوساگىر: «ئوتتۇرا ئاسىيادا پەقەت بىرلا رەسساملىق ئېقىمىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ نەقىش، تام سىزمىلىرى ۋە ياغاچ ئويمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇلۇغ ئەسەرلىرى بىلەن ئېتىخارلىنىدۇ. بۇ ئەسەرلەر جۇڭگو سەنئەت ساھەسىدىكىلەر ۋە ئوبزورچىلىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن خوتەن رەسساملىق ئېقىمىدۇر...» دەپ يۇقىرى باھا بەرگەن.

**3. راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىلىشىش سەۋەبى**

ئېگىز مۇنارلىق بۇ بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ بۇتخانا ئۆيلىرى ۋە باشقا ئەسلىھەلىرى مىلادىيە تەخمىنەن 10 ـ ئەسىرلەردە خوتەننى ئىسلاملاشتۇرۇشتىن ئىلگىرىلا قۇرغاقچىلىق ۋە قۇم ـ بوران ئاپىتىدە ۋەيران بولغان؛ خوتەنگە ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىن، كۆپ قىسىم بۇت ھەيكەللەر ئىسلام ئاچقۇچىلار تەرىپىدىن چېقىپ ۋەيران قىلىۋېتىلگەن (مەسىلەن، ھويلا قورشاۋ تامدىكى قاتار كەتكەن كۆپلىگەن ئادەم قامەتلىك چوڭ بۇت ھەيكەللىرى بويىنىدىن چېپىپ تاشلانغان). قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن بىر بۆلۈك ھەيكەل ۋە سۈرەتلەر بايلىق ئىزدىگۈچى كېپەن ئوغرىلىرى تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەن ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان.

قەدىمكى خوتەنلىكلەرمۇ ئىنسانلارنىڭ ياشاش قانۇنىيىتى بويىچە، نۇرغۇن تەكرار تارىخىي كۆچۈشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. كۆپ قىسىم ئاھالە ناھايىتى ئۇزاق مەزگىللەرگىچە تاغ باغرى ۋە جىلغىلارنى ماكان تۇتۇپ ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. مىلادىيە نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى دەۋرگە كەلگەندە، ئۇلار بارا ـ بارا كۆپىيىپ، تاغ باغرىدىن چىقىپ سۇنىڭ ئېقىش يۆنىلىشى بويىچە، شىمال تەرەپتىكى تۈزلەڭ رايونلارغا تارىلىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ماكاندا ئولتۇراقلاشقان ئاھالەلەر ئۆزئارا بىر گەۋدە بولۇپ يۇرت ـ ماكانىنى گۈللەندۈرۈپ، ئاۋات شەھەر، يېزا ـبازارلارنى بەرپا قىلغان. قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئارىسى ۋە تاغ باغرىلىرىدىن بايقالغان

MIRAS

قەدىمكى ئىزلار، قەبرىلەر ھەممىلا جايدا دىگۈدەك بايقال-
دى. مەسىلەن، مىلىك ئاۋات قەدىمىي شەھىرى، ناھىيە-
مىزدىكى سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقى قاتارلىقلار. بۇ
بىر قاتار ئەمەلىي پاكىتلار قەدىمكى خوتەنلىك (ئۇدۇنلۇق)
لەرنىڭ تەكرار يۆتكەلگەن ھايات پائالىيەتلىرى ۋە ياشاپ
ئۆتكەن ماكانلىرىغا ئىسپات بولۇپ تۇرماقتا.

ئۇنىڭدىن باشقا بۈگۈنكى خوتەن رايونىنىڭ شىمال-
دىكى بىپايان قۇملۇقلاردا بايقالغان قەدىمىي شەھەر خارا-
بىلىرى، يېزا - كەنتلەرنىڭ ئىز - نىشانلىرى، ئېرىق -
ئۆستەڭ ئېقىن ئىزلىرىنىڭ يۇلتۇزلاردەك تارالغانلىقى بۇنى
تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىلىشىشىنىڭ سە-
ۋەبىنى تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتىن يەكۈنلەش مۇمكىن.

1) خوتەن ئىچكى قۇرۇقلۇققا جايلاشقان بولۇپ،
قۇرغاق مۆتىدىل بەلباغقا تەۋە، ھۆل - يېغىن مىقدارى نا-
ھايىتى ئاز، قۇرغاق رايون. قەدىمكى خوتەن زېمىنى ھا-
زىرقى ۋىلايەت زېمىنىگە ئاساسەن تەڭ (بەلكى ھازىرقى-
دىن چوڭراق) بولسىمۇ، لېكىن ئەينى چاغدا كىشىلەر ئول-
تۇراقلاشقان يېشىل بوستانلىق ھازىرقىدىن كۆپ كەڭرى
ئىدى. بۈگۈنكى خوتەن شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا
كۆزىتىدىغان بولساق، تەبىئەت ئاتا قىلغان ئەسلىي يەر تۈ-
زۈلۈشى بىر قەدەر ئالاھىدە، يەنى جەنۇبىي قۇرۇم تاغلى-
رى تەرىپى ئېگىز بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ
پەسلەپ بارىدۇ. خوتەننىڭ قۇرۇم تاغلىرى بىلەن ئورال-
غان جەنۇپ، غەرب تەرەپلىرىنىڭ دائىرىسى ھازىرقى
بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن خوتەن شەھىرىنىڭ شىما-
لىدىن 180كىلومېتىر كېلىدىغان مازارتاغقىچە، شەرقتىن
نىيە ناھىيەسىنىڭ شىمالىغا 130كىلومېتىر كېلىدىغان قەدە-
مىي نىيە خارابىسىغىچە بولغان شۇنچە كەڭ زېمىن (بۈگۈن-
كى كۈندە بۇ بىپايان زېمىننىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى
قۇم بېسىپ كەتكەن) ئەينى چاغدا كىشىلەر ياشىغان بوس-
تانلىق ئىدى. خوتەن ۋىلايىتى دائىرىسىدىكى 30 دىن
ئارتۇق چوڭ - كىچىك دەريالارنىڭ سۈيى ئەينى زاماندا
بۇ كەڭ زېمىننى قاندۇرۇپ، كۆپ قىسمى ئاخىر تارىم
دەرياسىغا، ئاندىن تارىم دەرياسى ئارقىلىق لوپنۇر كۆل-
گە قۇيۇلاتتى، ھازىرقى كۈندە پەقەت يۇرۇڭقاش دەريا
سى بىلەن قاراقاش دەرياسىنىڭ ئاز بىر قىسىم سۈيى ياز
پەسلىدىكى كەلكۈن مەزگىلىدىلا تارىم دەرياسىغا قۇيۇلا-
لايدۇ. قالغان دەريا ئېقىنلارنىڭ سۈيى ئەينى زاماندىكى
بوستانلىق (ھازىرقى قۇملۇق)نىڭ ئوتتۇرىسىغىمۇ بارالماي
قۇمغا سىڭىپ تۈگەيدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا جەنۇبتىكى قۇرۇم تاغلىرىدىن باش-
لانغان دەريا - ئېقىنلار ھەر يىلى زور مىقداردىكى قۇم،
تاش، لاي - لاتقىلارنى ئۈزلۈكسىز ئېقىتىپ تۇرغاچقا،
دەريا - ئېقىنلار ئاسانلا تىنىپ قېلىپ، ئاھالىلەر كۆچۈشكە
مەجبۇر بولغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ مۇنبەت بوستانلىقلاردا
ياشىغان خەلقلەر ئەسلىدىكى يۇرت - ماكانلىرىدىن ئايرى-
لىپ، سۇ مەنبەسىنى قوغلىشىپ، بارا - بارا جەنۇبقا قاراپ
كۆچكەن ۋە قايتىدىن ماكانلىشىپ ھاياتلىق پائالىيىتىنى دا
ۋاملاشتۇرغان، بىز خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يەر شەكلى خەرى-
تىسىگە قارايدىغان بولساق، ھازىرقى خوتەن رايونىدا يا-
شاۋاتقان ئادەملەرنىڭ جەنۇبىي قۇرۇم تاغلىرىنىڭ باغرىغا
قاپسىلىپ قالغانلىقىنى كۆرىمىز، ھازىرمۇ سۇ كەمچىل
بولۇش يەنىلا خوتەندىكى ئەمەلىي مۇھىم مەسىلە.

2) ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگە يىلمۇ يىل داۋاملاشقان
قۇرغاقچىلىققا ئەگىشىپ، تەبىئەتنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا ئاتا
قىلغان قۇم - شېغىللىرى شامال بورانىنىڭ قوترىشى بىلەن
شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ، توختىماي ئىلگىرىلەپ مىلادىيە
3 - ، 4 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە خوتەننىڭ شىمالىدىكى
كۆپ قىسىم كەڭ مۇنبەت بوستانلىقلارنى قۇم بارخانلىرى
كەينى - كەينىدىن يۇتۇپ كېتىپ، بۇ جايلارنى قۇم دېڭى-
زىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان.

3) تارىختىكى رەھىمسىز ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۇ-
پەيلىدىن سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشى ئۇزاق مۇددەت



تاشلىنىپ قېلىپ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر بۇزۇلۇپ، تېرىلغۇ يەرلەر قۇرۇپ كەتكەن، يۇرت ـ ماكانىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا كىشىلەر باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

ئىسلام دىنى خوتەنگە قوراللىق كۈچ بىلەن مەجبۇرىي كىرگەن بولۇپ، خەلققە نۇرغۇن ئۇرۇش مالىمانچىلىقلىرىنى كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە، مۇھىمى بۇددا دىنى قاتارلىق غەيرىي ئىسلام دىنىغا ئائىت بارلىق مەدەنىيەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلغان. ئىبادەتخانىلار، بۇددا تۇپىسدىكى ئىمارەتلەر، ھەيكەللەر چېقىپ تاشلانغان، تۈرلۈك سۈرەت، كىتاب، پۈتۈكلەر كۆيدۈرۈلگەن (يەنى ئەرەب يېزىقىدىن باشقا يېزىقتىكى بارلىق تارىخىي مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى يوقىتىلغان). 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ (ئىندېكس فاكسىمىل) 609 ـ بەتتە، ئىسلام ئاچقۇچىلارنىڭ مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىرى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ:

كەلكۈن بولۇپ ئاقتۇق بىز،
كەنتلەرنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق بىز.
بۇتخانىلارنى چاقتۇق بىز،
بۇت ئۈستىگە چىچتۇق بىز.

ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىن، راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسىمۇ ئەڭ ئېغىر دەرىجىدىكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، كۆپ قىسىم بۇددا ھەيكەللىرى ئىسلام ئاچقۇچىلار تەرىپىدىن چېقىپ ۋەيران قىلىۋېتىلگەن (مەسىلەن، باشتا تىلغا ئېلىنغاندەك ھويلا قورشاۋ تامدىكى قاتار كەتكەن كۆپلىگەن ئادەم قامەتلىك چوڭ بۇت ھەيكەللىرى بويىندىن چېپىپ تاشلانغان).

4) راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ ئۇزاق تارىختا قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن بىر بۆلەك بۇددا ھەيكىلى، مايمۇن ھەيكىلى، داچەن پۇل، قەدىمىي پۇل پارچىلىرى، مارجان، تام سۈرەتلىرى قاتارلىق مەدەنىي يادىكارلىق بۇيۇملىرى 1901 ـ يىلى ۋە 1906 ـ يىلى ئەنگلىيەلىك ئارخېئولوگ ستەيىن، 1928 ـ يىلى گېرمانىيەلىك تىرىنكېلىر، 1942 ـ يىلى لوپنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھاكىمى جۇۋاۋچىڭ قاتارلىق ئاسارئەتىقە ئىزدىگۈچى چوڭ ئوغرىلار، نۇرغۇن بايلىق ئىزدىگۈچى كىچىك كېپەن ئوغرىلىرى تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەن ياكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان.

راۋاق بۇددا خارابىسى 1980 ـ يىلى ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇن، 2001 ـ يىلى «دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلىپ، مەخسۇس قوغدىغۇچى خادىم ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما 1998 ـ يىلى 3 ـ ئايدا لوپ ناھىيە جىيا يېزىسىدىن (ھازىر خوتەن شەھىرىگە تەۋە) 30 نەچچە كېپەن ئوغرىسى ئوغرىلىققا كىرىپ تۇتۇلغان. 2009 ـ يىلى 4 ـ ئايدا لوپ ناھىيەسىنىڭ چارباغ يېزىسىدىن بەش نەپەر كېپەن ئوغرىسى ئوغرىلىققا كىرىپ، بەش بۇتنىڭ كاللىسىنى ئوغرىلىغان، تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى ئوغرىلار ئاسراش تەدبىرى قوللانماي بۇت بېشىنى ماشىنىنىڭ كەينىگە سېلىپ قايتىشىدا بۇتنىڭ ھەممىسى چېقىلىپ بۇزۇلۇپ كەتكەن، بۇ قىلمىش شۇ يىلى 11 ـ ئايدا پاش قىلىنىپ، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى. بۇ ئوغرىلىق قىلمىشى يۈز بەرگەندىن كېيىن، بۇ ئورۇننىڭ قوغداش تەدبىرى تېخىمۇ كۈچەيتىلىپ، قوغداش ئۆيى سېلىنىپ، تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىق ۋە ئوغرىلىق قىلمىشلىرىدىن ئۈنۈملۈك ساقلىنىش ئۈچۈن 24 سائەتلىك مۇنتىزىم قوغداش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئانا يۇرتىمىزدىكى قەدىمىي ئاسارئەتىقىلەردىن ئىبارەت بۇ بىباھا گۆھەرلەرنى تېخىمۇ مۇكەممەل قوغداش، ئاسراش، شۇنداقلا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىپ، تەكلىماكاننىڭ سىرىنى ئېچىش، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىنى تېخىمۇ چۈشىنىشىمىزدە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

① ئەنگلىيەلىك ستەيىننىڭ «خوتەن بوستانلىقىغا قايتا كەلگەندە» ناملىق كىتابى.

② ئەنگلىيەلىك پېتىر خوككىر يازغان «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار» ناملىق كىتابى.

③ لى يىنپىڭ يازغان «بۇددا ئېلى ئۇدۇن» ناملىق كىتابى.

④ ۋۇ شىنخۇا يازغان «ستەيىن» ناملىق كىتابى.

⑤ مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق كىتابى.

⑥ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىننىڭ «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ناملىق كىتابى.

⑦ نىزامىدىن توختىنىڭ «خوتەندىكى قەدىمىي ئىزلار» ناملىق كىتابى.

⑧ ئابدۇللا سۇلايمان تۈزگەن «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» ناملىق كىتابنىڭ 2 ـ توپلامدىكى ئابدۇقادىر تۇرسۇن، ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىنلارنىڭ «خوتەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ناملىق ماقالىسى.

⑨ خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى تۈزگەن «ئۇدۇن» ناملىق كىتاب.

(ئاپتور: لوپ ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى)



# ئادىل ۋەزىرنىڭ ئەقىللىق قىزى

(چۆچەك)

ئۆتكەن زاماندا، مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ بىرىدە بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئۆز ئىلىنى ئادىل سوراپ، نامى جاھانغا تارقالغانىكەن. دەرۋەقە، ئۇ يېتىم-يېسىر، يوقسۇللارغا باشپاناھ بولۇپ، خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، كىشىلەرنى پېقىرچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش كويىدىلا بولىدىكەن. قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلاردىن ھەرقانداقى خەلققە زۇلۇم-كۈلپەت سالسا، ئۇنى قاتتىق جازالايدىكەن. شۇڭا بۇ ئەلدىكى پۇقرالار ئۆز پادىشاھىدىن تولىمۇ شادىمان بولۇشىدىكەن. پادىشاھ بىر كۈنى ئوردا ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىپتۇ ۋە ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ۋەزىر ئەمىرلىرىم، ئەلنى ئادىل باشقۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن يۇرتىمىز مەمۇرچىلىققا تولدى، خەلقىمىز بەخت-سائادەتكە ئىگە بولدى. ئويلايمەنكى، پۇقرالارنىڭ ھەممىسى پولۇ، لەغمەن بىلەن غىزالىنىپ ھۇزۇر سۈرۈۋاتقان بولسا كېرەك.

ۋەزىر، ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى پادىشاھنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىشىپ:

— شۇنداق بولمامدىغان، ھەممە كىشى سىلى ئېيتقاندەك بەختىيار تۇرمۇشقا ئىگە بولدى، بۇنىڭ ھەممىسى سىلىنىڭ ئادىللىقلىرىدىن بولدى، — دېيىشىپتۇ.

پادىشاھنىڭ سالى ئىسمىلىك، ئەقىل-پاراسەتكە، كامالەتكە يەتكەن بىر ئوق قول ۋەزىرى بولۇپ، ئۇ پادىشاھقا تولىمۇ سادىق ۋە ئىشەنچلىك ئىكەن، پادىشاھقا ھەر دائىم ئەقىل كۆرسىتىپ مەسلىھەت بېرىپ تۇرىدىكەن. پادىشاھمۇ ئۇنىڭ كۆرسەتكەن مەسلىھەتلىرىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىدىكەن. لېكىن شۇ كۈندىكى ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتتە پادىشاھقا تىكىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— تېخى ھازىرغىچە ئېلىمىزنىڭ بەزى بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدا، تاغ باغرىغا جايلاشقان سەھرالىرىدا ھېلىمۇ گادايلىقتا ئۆتۈۋاتقانلار، ھەتتا پولۇ، لەغمەن دېگەنلەرنى تېخىچە بىلمەيدىغانلار بولۇشى مۇمكىن.

كۈتۈلمىگەندە ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ۋەزىرىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ، چىرايلىرى ئۆڭۈپ، ساقاللىرى

تال - تال بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئورنىدىن تۇرۇپ:

— جاللات! — دەپ ۋارقىراپتۇ، — دۆلەتنى شۇنچە ئادىل سورىغانلىقىمنى كۆرەلمەي، ئىشىمدىن پۇتاق چىقىرىپ، مەن بىلەن قارشىلاشقان بۇ تۇزكور سۇيىقەستچىنىڭ كاللىسىنى جېنىدىن جۇدا قىلىڭلار!

ئوردا ئەمەلدارلىرى بۇ ئىشتىن ھاڭ - تاڭ بولۇپ لام - جىم دېيەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ. ئىككى جاللات قىلىچلىرىنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ، سالى ۋەزىرنى ئۆلتۈرۈشكە تەييارلىنىپتۇ. شۇ ئەسنادا پادىشاھنىڭ سول قول ۋەزىرى پادىشاھنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ:

— قۇدرەتلىك شاھىم! سالى ۋەزىر ئۇزاقتىن بۇيان سىزگە سادىق بولۇپ كەلگەن، سىزنىڭ سىنىقىڭىزدىن ئۆتكەن ئادىل ۋەزىر ئىدى. ئۇ سۇيىقەست قىلىشنى بىلمەيدىغان ئاق كۆڭۈل ئادەم، مانا ھازىر ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدىڭىز، ئۆلتۈرۈلسىمۇ كارى چاغلىق. لېكىن ئېلىمىزنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا، چەت جايلىرىدا ئۇ ئېيتقاندەك تېخىچە پولۇ، لەغمەن دېگەنلەرنى بىلمەيدىغان پۇقرالار بار بولۇپ چىقسا، ئۇ ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن بولىدۇ - دە، ھەممە ئادىللىقىڭىز بىكار بولۇپ كېتىدۇ. مېنىڭچە ئۇنىڭغا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بېرىلىڭ. پولۇ، لەغمەن دېگەنلەرنى بىلمەيدىغانلار چىقىپ قالسا، ئۇنىڭ گۇناھىدىن كەچسىڭىز، ئەگەر ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولماي قالسا، ئاندىن ئۆلتۈرسەكمۇ كېچىكمەيمىز، — دەپتۇ.

— بوپتۇ! ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بېرەي، — دەپتۇ پادىشاھ يارلىقىنى ئۆزگەرتىپ.

سالى ۋەزىر ئاخشىمى چىرايى سولغۇن، كۆڭلى پەرىشان ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. سالى ۋەزىرنىڭ تېخى ئەمدىلا بالاغەتكە يەتكەن ئەقىللىق بىر قىزى بولۇپ، ئۇ كىچىكىدىنلا ئىلىم - ھېكمەتكە دائىر كىتابلارنى دائىم ئوقۇشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان زېرەك قىز ئىكەن. قىز دادىسىنىڭ چىرايىغا قاراپ سوراپتۇ:

— دادا، بۈگۈن سىزگە نېمە بولدى؟ باشقىچە كۆرۈنىسىزغۇ؟ بېشىڭىزغا قانداق كۈن كەلگەن بولسا ئېيتىڭ، ئامالىنى قىلايلى.

سالى ۋەزىر ئوردىدا بولغان سۆز ھەم ۋەقەلەرنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ دادا، ئۇنىڭ ئامالىنى ئۆزۈم قىلىمەن. ھەرگىز قايغۇرماڭ، — دەپتۇ قىز دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيىپ جابدۇنۇپتۇ. ئۇ شەھەردىن ئەڭ يىراقتىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان سەھرا تەرەپكە قاراپ يول ئاپتۇ. قىز چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ، يېرىم كۈندىن كۆپرەك ماڭغاندا، شەھەر تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان ئىككى سەھرا يىگىتكە ئۇچراپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپ 20 نەچچە قەدەم باسقاندىن كېيىن، قىز دەرھال ئارقىسىغا يېنىپ، يىگىتلەرگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنى زەن سېلىپ ئاڭلاپتۇ.

— ئاداش، شەھەرگە بارساق سېپىل بارمىش، سېپىل دېگەن قانداق نېمىدۇ - ھە؟

— شەھەردە دۇكاندارمۇ بارمىش، بۇ قېتىم شەھەرگە كىرىپلا سېپىل، دۇكاندار دېگەنلەرنى ئىزدەپ كۆرەيلى جۇمۇ؟!

— ئەستا! شەھەر دېگەندە ئادەم كۆپمىش، بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلىپ ئېزىقىپ قالساق قانداق قىلارمىز...

— مۇنداق قىلايلى، مەن ئۆيگە بىر چۆمۈچ سېتىۋالماقچى ئىدىم، شەھەرگە كىرىپلا ئاۋۋال چۆمۈچ سېتىۋالاي، ئاندىن مەن چۆمۈچنى بەلبېغىمنىڭ ئارقا تەرىپىگە قىسىپ ئالدىڭدا ماڭاي، سەن چۆمۈچنى بەلگە قىلىپ، مەن قاياققا ماڭسام سەنمۇ شۇ تەرەپكە ماڭغىن.

قىز يىگىتلەرنىڭ مەسلىھەتىنى ئېنىق بىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ شەھەرگە كىرىپتۇ. يىگىتلەردىن بىرسى شەھەرگە كىرىپلا بىر چۆمۈچ سېتىۋېلىپ، بەلبېغىنىڭ ئارقا تەرىپىگە قىسىپ ئالدىدا مېڭىپتۇ. يەنە بىر يىگىت چۆمۈچنى بەلگە قىلىپ ئەگىشىپ مېڭىپتۇ، قىزمۇ بىر چۆمۈچ سېتىۋېلىپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئايرىلماي مېڭىپتۇ. ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن قىستىلىپ ماڭالمايدىغان بىر تار كوچىغا كەلگەندە، قىز پەم - پاراستىنى ئىشقا سېلىپ چاققانلىق بىلەن تۇيدۇرماي، بېلىگە چۆمۈچ قىسقان يىگىتنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋاپتۇ. كەينىدىن مېڭىۋاتقان يىگىت ئالدىدىكى چۆمۈچ قاياققا ماڭسا چۆمۈچكە ئەگىشىپ شۇ تەرەپكە مېڭىپتۇ. شۇنداق قىلىپ قىز ھېلىقى



يىگىتنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ، پادىشاھ ئوردىسى ئالدىغا كېلىپ، ئارقىغا قاراپ توختاپتۇ. يىگىت قورققىنىدىن يىغلاۋېتىپتۇ.

— يىگىت، نېمە يىغلايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ قىز.

— بىلىگە چۆمۈچ قىسىپ ئالدىدا ماڭغان بىر دوستۇم بار ئىدى، سىزدىكى چۆمۈچكە ئەگىشىپ مېڭىۋېرىپ دوستۇم بىلەن ئازغىشىپ كېتىپتىمەن.

— قورقماڭ يىگىت، چۆمۈچ قىسقان دوستىڭىزنى مەن ھازىرلا تېپىپ كېلەي، — قىز كوچىغا چىقىپ چۆمۈچ قىسقان ھېلىقى سەھرالىق يىگىتنى تېپىپ كېلىپ، ئۇلارنى ئوردا ئاشخانىسىغا باشلاپتۇ ۋە قىز دەرھال پادىشاھنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ:

— شاھىم! سەھرالىق ئىككى يىگىتنى ئاشخانىغا باشلاپ قويدۇم، ئۇلاردىن پولۇ بىلەن لەغمەندىن ئىمتىھان ئېلىپ كۆرسىڭىز، — دەپتۇ پادىشاھقا تىكىلىپ، پادىشاھ ئاشپەزلەرگە بۇيرۇپ پولۇ، لەغمەن تەييارلاپتۇ. لەغمەن، پولۇنى ئىككى يىگىتنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. پادىشاھ پولۇنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ:

— يىگىتلەر، بۇ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇلار ھودۇقۇپ جاۋاب بېرەلمەپتۇ، — قورقماي جاۋاب بېرىڭلار، — دەپتۇ پادىشاھ قايتىدىن.

— بۇ... بۇ سېپىل دېگەن شۇمىكى؟ — دەپتۇ ئۇلاردىن بىرى.

— بۇ نېمە؟ - دەپ سوراپتۇ پادىشاھ لەغمەننى كۆرسىتىپ.

— بۇ... بۇ دۇكاندار دېگەن شۇمىكى؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىتلەردىن بىرى.

پادىشاھ يىگىتلەرنى تاماققا تەكلىپ قىلغانىكەن، ئۇلار قورقۇپ ئارقىغا داجىپتۇ. پادىشاھ تاماقنى ئالدى بىلەن ئۆزى يەپ ئاندىن يىگىتلەرنى تەكلىپ قىلغانىكەن، يىگىتلەر تاماققا ئېغىز تېگىپ، تولىمۇ خۇشال بولۇشۇپتۇ ۋە:

— ئېسىت، مۇشۇنداق ئالىي تاماق بىزنىڭ يۇرتلىرىمىزدىمۇ بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە؟! — دېيىشىپتۇ.

— سىلەرنىڭ يۇرتتا بۇنداق غىزالار يوقمۇ؟ سىلەر بۇرۇن بۇ خىل غىزالارنى بىرەر قېتىم يەپ باقمىغانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

يىگىتلەر باشلىرىنى چايقىشىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىشتىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپتۇ ھەمدە:

— پەرۋەردىگارىم، غاپىللىقتا ئۆتكۈزگەن گۇناھىمنى كەچۈرگەيسەن، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگىلى تاسلا قاپتىمەن، — دەپتۇ ۋە شۇ ھامان ئوردا ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ، سالى ۋەزىردىن ئىگىلىپ تۇرۇپ ئەپۇ سوراپتۇ. پادىشاھنىڭ قايتىدىن چىقارغان پەرمانى بويىچە ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى پۇقرالارنى مىسكىنلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا جان پىدا قىلىشقا قەسەم ئىچىشىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئەل خەلقى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بەخت-سائادەتكە نائىل بوپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مارالبېشى ناھىيەلىك رادىيو ئۇزېلىدىن

**ئەيسا سايىم**

(«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» مارالبېشى قىسمىدىن ئېلىندى)

# هويلا ئارام مەدەنىيتى

**سادەتگۈل غوپۇر**

نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيا مقياسدا غەيرىي ماددىي مە-
دەنىيەتنى قوغداش دولقۇنى ئەۋج ئالماقتا. جۈملىدىن،
ئېلىمىزدىمۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىختىن بۇيان ئاتا-
بوۋىلىرىدىن مىراس قالغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت
مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىگە تارىختىكى ھەرقانداق
دەۋرلەرگە قارىغاندا ئەڭ زور ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئىنتا-
يىن زور ماددىي مەبلەغلەر ئاجرىتىلىپ، چىڭ تۇتۇلۇپ
ئىشلىنىۋاتقان مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ مۇھىمى بولۇپ
قالدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلا-
تىنىڭ ئىنسانىيەت غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى
قوغداش ئەھدىنامىسىگە قول قويغان دۆلەت بولۇش سۈپىتى
بىلەن، ب د ت نىڭ ئەھدىنامىسىدىكى بەلگىلىمە ۋە ئەھ-
دىنامىسىگە ئەڭ سەمىمىي ھۆرمەت قىلغان ۋە شۇ ئەھدى-
نامىنى بەجانىدىل ئىجرا قىلىۋاتقان مەسئۇلىيەتچان دۆلەت-
لەرنىڭ بىرى.

شىنجاڭنىڭ تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى مەدەنىيەت بايلىق-
لىرىنىڭ موللۇقى، ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ بۇ دىياردا ئۇچراش-
قانلىقى ۋە مەدەنىيەتتىكى ئۆزگىچىلىكى، خاسلىقى بىلەن
ھەرقانداق رايون ۋە جايلاردىن زور پەرقلىنىدىغانلىقى
خەلقئالەمگە ئايان مەسىلە. مۇشۇ رايوندا ئەلمىساقتىن
ياشاپ كەلگەن خەلقىمىزنىڭ تارىختىن بېرى ياراتقان مە-
دەنىيەت مىراسلىرى ساناقسىز.

مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ سابىق مىنىستىرى سۇن
جياجېڭ ئەپەندى «مەدەنىيەت — تارىخنىڭ ئۇلۇغ ئېقى-
مى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە مۇنداق دەپ يازغان:
«مىللىي مەدەنىيەت بىزنىڭ يىلتىزىمىز، شۇنداقلا ئۇ مەدە-
نىيەت تەرەققىياتىمىزنىڭ بۇلىقىدۇر. جەمئىيەت تەرەققىياتى-
غا ئەگىشىپ كىشىلەردە ئومۇمىيۈزلۈك ئۆز يىلتىزىنى
ئىزدەش ئىستىكى ئويغىنىدۇ... ھازىر بار بولغان تارىخىي
مىراسلارنى، ئەجدادلاردىن قالغان تەۋەررۈك يادنامىلەر-



نى ئەستەلىكلەرنى قوغداش ئىنتايىن مۇھىم. بىز پەقەت
ئۆزىمىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىمىزنى ئېنىق بىلگەندىلا ئاندىن
تولۇق ئىشەنچ بىلەن كەلگۈسىگە پۇختا قەدەم تاشلىيالاي-
مىز.»

خەلق مەدەنىيىتى، جۈملىدىن فولكلور مەدەنىيىتى
ئىنسانىيەت روھىيىتىنىڭ گۈزەل جۇلالىسىدۇر. ئۇنىڭدا
ئاۋام خەلقنىڭ ئارزۇ ئىستەكلىرى، قايغۇ - ھەسرەتلىرى،
دۇنيا قاراشلىرى، گۈزەللىك قاراشلىرى، قىممەت قارىشلى-
رى، كىشىلىك قاراشلىرى، بىلىشلىرى ئەكس ئېتىدۇ.

«كورېيەلىكلەر ئەنئەنىگە قانداق ۋارىسلىق قىلىدۇ»
سەرلەۋھىلىك ماقالىدە مۇنۇلار قەيت قىلىنغان، «كورېيە-
نىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى جۇڭگونىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا
يوقنىڭ ئورنىدىلا.

كورېيە ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى جۇڭگو-
نىڭكىدىن خېلىلا ئارقىدا تۇرىدىغان شەرقتىكى ئالىقانچە-
لىك دۆلەت بولغاچقا تەۋەررۇكلەرنىڭ كۆلىمى ۋە قاتلىمى
جەھەتتە جۇڭگوغا يەتمەيدۇ. لېكىن كورېيەلىكلەر ئۆزلىرى-
گە تەئەللۇق بولغان ئاشۇ تېرىقچىلىق مەدەنىيەت مىراسلى-
رىنىمۇ ئاجايىپ قىممەتلىك بىلىدۇ...

كورېيەدە تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە خىلمۇخىل تەبى-
رىكلەش پائالىيەتلىرى بولۇپ تۇرىدۇ... كورېيە ھۆكۈمى-
تى يوقىلىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقان ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى
قوغداپ ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆز
يۇرتىغا بولغان مېھرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسىتىدە
ئېلىپ بېرىلىدىغان تۇرلۇك يەرلىك ئۆزگىچىلىككە ئىگە
ئۆرپ-ئادەت بايرىمى، پۇقراۋى مەدەنىيەت بايرىمى قا-
تارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ».

ئېلىمىزدە يەر كۆلىمى جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى يەر
ئاستى بايلىقى ۋە مەدەنىيەت بايلىقلىرى جەھەتتىمۇ ئالدىن-
قى ئورۇنغا ئۆتكەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا
ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەتلەرنى
قوغداش ئىشلىرى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەنمەكتە. بو-
لۇپمۇ «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ب د ت پەن -
مائارىپ تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئىنسانىيەت مىراسى قىلىپ
بېكىتىلىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنى-
يەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىنىڭ ياخشى، نەتىجىلىك
ئىشلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە، غەيرىي



ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ قىممىتىنى يەنە بىر قېتىم
تونۇتتى. ئاپتونوم رايوندىن ۋىلايەت ناھىيەلەرگىچە
مەخسۇس غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قول
تۇتۇپ ئىشلەيدىغان خىزمەت ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى. خا-
دىملار تەيىنلەندى، مەخسۇس خىراجەتلەر ئاجرىتىلدى.
ئاپتونوم رايون بويىچە «مەدەنىيەت مىراسلىرى كۈنى»
يۇرۇشلۇك پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، پەن - مائارىپ
تەشكىلاتى «غەيرىي ماددىي مەدەنىي مىراسلارنى
قوغداش خەلقئارا ئەھدىنامىسى»دا بېرىلگەن تەبىرگە ئا-
ساسلانغاندا ئاغزاكى رىۋايەتلەر ۋە بايانلار (غەيرىي
ماددىي مەدەنىيەتنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان تىلنىمۇ ئۆز ئى-
چىگە ئالىدۇ) ئورۇنداش سەنئىتى، ئىجتىمائىي ئۆرپ-ئا-
دەتلەر، قائىدە-يوسۇن، ھېيت-بايرام مۇراسىملىرى،
خەلق ئىچىدىكى تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئالەمگە ئائىت
بىلىم ۋە تەجرىبىلەر، ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر ماھارەتلىرى
قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

نۆۋەتتە ئېلىمىزدە، جۇملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يىغىش، ئىلتىماس قىلىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. ھەرقايسى جايلار ناھىيەنى بىرلىك قىلىپ ئۆز تەۋەسىدىكى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئاپتونوم رايون ۋە دۆلەت دەرىجىلىك قوغداش تۈرلىرىگە ئىلتىماس قىلماقتا. 2009 - يىلى 10 - ئايدا قىرغىزلارنىڭ «ماناس» ئېپوسىنىڭ ب د ت پەن - مائارىپ تەشكىلاتى تەرىپىدىن 4 - تۈركۈمدىكى ئىنسانىيەت غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى قىلىپ بېكىتىلىشى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئىلتىماس قىلىش قىزغىنلىقىنى يەنىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈردى. نۆۋەتتە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇيغۇرلارنىڭلا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان تۈرگە كىرگەنلىرى ئاز ئەمەس. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان تۈرگە كىرگۈزۈلگەنلىرى تېخىمۇ كۆپ. لېكىن مېنىڭچە بۇ تېخى يېتەرلىك ئەمەس. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا يەككىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇ بىر خەلقنىڭلا ئەمەس گېپى كەلگەندە ئىنسانىيەتنىڭ مۈلكىدۇر. شۇڭا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزغا ئەستايىدىل، ئىلمىي مۇئامىلە قىلىش كېرەك. ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى مىسالغا ئالساق دۆلەت دەرىجىلىك قوغداش تۈرىگە ئىلتىماس قىلىشقا زۆرۈر تۈرلەر ئىنتايىن كۆپ. ئۇيغۇرلارنىڭ جۇغراپىيەلىك شارائىت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ھاسىل بولغان رايون خاسلىقى، كۈچلۈك مەدەنىيەت خاسلىقى، روشەن مەدەنىيەت مىراسلىرى كۆپ. ئولتۇراق ئۆي، قورۇ - جاي قاتارلىقلاردىمۇ رايونلار ئارا، جەنۇب بىلەن شىمال قاتارلىقلارنىڭ روشەن پەرقى بار، قورۇ - جايلارغا ئىشلىتىلگەن ھۈنەرلەردە، ئىنچىكە ھالقىلىق بېزەكلىرىدە قورۇ - جايلارنىڭ قۇرۇلمىسى ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللىرى، رەڭ بېزىكى قاتارلىقلاردا روشەن خاسلىق بار. شۇڭا رايون ئالاھىدىلىكى بويىچە پەقەت قورۇ - جاي قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن ھۈنەر - سەنئەتلەر بويىچە چوڭ جەھەتتىن جەنۇب - شىمال، شەرق - غەرب دەپ تۆت بۆلەك بويىچە، بۇنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ خوتەن دىيارىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بويىچە بىر يۈرۈش تۈرلەرنى، قەشقەرنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ بىر يۈرۈش تۈرلەرنى، ئاقسۇ، كورلىنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ بىر يۈرۈش تۈرلەرنى، قومۇل، تۇرپاننى مەركەز قىلىپ بىر يۈرۈش تۈرلەرنى، غۇلجىنى مەركەز قىلىپ بىر يۈرۈش تۈرلەرنى ئىلتىماس قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلا - ئارام قۇرۇلمىسى ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن ھۈنەر قاتارلىقلاردا ناھايىتى روشەن ئالاھىدىلىكلەر بار. بۇ ھۈنەرلەرگە ئەجدادىمىزنىڭ ئەقىل - پاراستى سىڭگەن. ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگە تەۋەررۈك قالغان ھويلا - ئارام مەدەنىيىتىمىز قويۇق ئۆزگىچىلىكى بىلەن بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلدى. ئۇنى قوغداش، ئاسراش ۋە ۋارىسلىق قىلىپ داۋاملاشتۇرۇش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشتە، راۋاجلاندۇرۇشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇ جۇملىدىن ئۆرپ - ئادەت ساياھەتچىلىكىنى ئاپتونوم رايونىمىزدا تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇشتا بەك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا ھويلا - ئارام مەدەنىيىتىمىزنى قوغداشنى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى روناق تاپقۇزۇشتىمۇ مۇھىم ئىقتىسادىي ئەھمىيەتكە ئىگە دېسەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز.

(ئاپتور: كېرىيە ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا)



# ئۇيغۇرلاردا كىتاب

گۈلمىرە ئابلىكىم



بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىل-
لار خېلى كۆپ، بۇ مۇھىم ئامىللار ئىچىدە مىللەت تارىخى-
نى، مەدەنىيىتىنى، ئېتنوگرافىيە، فولكلور مەدەنىيىتى قا-
تارلىقلارنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش رولىنى ئوينايدىغان
ئەڭ مۇھىم ئامىل كىتابتىن ئىبارەت. كىتاب بىر مىللەتنىڭ
مەنىۋىيىتىدە بەك چوڭ رول ئوينايدۇ.

ئۇيغۇرلار تارىخ سەھنىسىگە چىققان دەسلەپكى يىللى-
رىدىلا ئۆز تىل-يېزىقىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان
ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆ-
كۈمران تائىپى بولغان ئۇيغۇرلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 3-
ئەسىردە كۆچەيگەن ھونلار ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ھەم كې-
يىنكى بارلىق تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىگە ۋا-
رىسلىق قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇنى تېخىمۇ بېيىتقان ھەم
راۋاجلاندۇرغان بىر خانلىق ۋە تائىپە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
ئەگەر تارىختا پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان بىر مۇنچە
تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر كېيىنكى چاغلاردا زامان داۋالغۇش-
لىرى تۈپەيلىدىن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تارىخ سەھنىسى-
دىن چۈشۈپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئىز - دېرەكسىز
يوقالغان بولسا، دەل ئۇلارنىڭ ئەكسىچە ئۇيغۇر خانلىقىنى
تىكلىگەن ئۇيغۇرلار زامانىنىڭ ھەر خىل داۋالغۇشلىرىنى
بېسىپ ئۆتۈپ تېخىمۇ كۈچىيىپ تارىختا ئۆتكەن تۈركىي
تىللىق قەبىلىلەرنىڭ بارلىق ئىجابىي ئامىللىرىنى قوبۇل
قىلىپ، ئۆزىگە خاس بىر ئالاھىدە يول بىلەن ساقلىنىپ
قالغان ھەم راۋاجلانغان بىر تائىپە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئالدى بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەھەللى تىلى ئاسا-
سىدا ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن تۈركلەرنىڭ تىل ۋە يېزى-
قىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ئاساسىي ئالاقە قورالى سۈپى-
تىدە قوللانغان. بۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي يېزىقى
يەنىلا قەدىمكى ئورخۇن يەنسەي يېزىقى، يەنى قەدىمكى
تۈرك يېزىقىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇيغۇرلار مانا مۇشۇ يې-
زىقتا بەزى مۇھىم مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قالدۇرغان.
ئەپسۇسكى بۇلارنىڭ ئىچىدە زامانىمىزغا يېتىپ كېلىپ
مەلۇم بولغىنى پەقەت مىلادى 759-يىلى ھازىرقى موڭغۇ-
لىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى سېلىنگىر دەرياسى ۋادىسىدىكى
شىنە-ئۇسۇ دېگەن جايغا ئورنىتىلغان «مۇيۇنچۇر مەڭگۈ
تېشى» (تەڭرىدە بولمىش ئېل ئېتمىش بىلگە قاغان
مەڭگۈ تېشى) ۋە ئورخۇن دەريا ۋادىسىدىكى ئوردۇبالىق
شەھىرىگە ئورنىتىلغان «توققۇز ئۇيغۇر (ئاي تەڭرىدە
قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە قاغان) مەڭگۈ تېشى» قاتارلىق
يادىكارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ يادىكارلىقلار خۇددى كېيىن-
كى تۈرك خاقانلىقىنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرى بولغان
«چۇرىن مەڭگۈ تېشى»، «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»،
«كۈلتېكىن مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»
قاتارلىقلارغا ئوخشاشلا قەدىمكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر-
نىڭ (جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ) تارىخى، تىلى، ئېتنوگرافى-
يەسى، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلىرى، دىنىي ئې-
تىقادى، ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە جۇغراپىيەلىك ئورنى قاتار-
لىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەت-

2010.4



كە ئىگە①. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەقىللىق ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك تۇرلۇك مەزمۇنلارنى تاش ئابىدىلەرگە، تارشىلارغا، مەشۇتلەرگە كېيىنكى ۋاقىتلاردا قەغەز كەشپ قىلىنغاندىن كېيىن قەغەزدىن پۈتۈلگەن دىۋانلارغا يېزىپ قالدۇرۇشنى ئەستىن چىقارمىغان.

مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ قوللىنىلىشى بىلەن تۇرلۇك مەزمۇندىكى كىتابلار كۆپلەپ نەشر قىلىنغان. ھەتتا 9-ئەسىرگە كەلگەندە خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت تۈزۈلگەن. 1959-يىلى 12-ئايدا گەنسۇ-شىنجاڭ تاشيولى كېڭەيتىپ ياسالغاندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئارخېئولوگلىرى تۇرپان ناھىيەسىنىڭ يالقۇنتاغ ئېتىكىدىكى سىڭگىم بۇددا خارابىلىكىدە تاشيول قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىپ قېزىش-تازىلاش ئېلىپ بارغان. ئەينى ۋاقىتتا 2-نومۇرلۇق ئىزدىن قەدىمكى خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە لۇغەتنىڭ 11 پارچە كەمتۈك ۋارىقى تېپىلغان.

بۇنىڭدىن بىز ئەينى چاغدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كىتابچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئاۋرېل ستەيىن شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارغا ئائىت ناھايىتى نۇرغۇن يازما ھۆججەتلەرنى، بىر قىسىم كىتابلارنى قولغا چۈشۈرگەن. ستەيىن دۇنخۇاڭ غارلىرىدىن ئېلىپ كەتكەن تۇرلۇك مەزمۇندىكى قولىيازمىلار، دىنىي مەزمۇندىكى ئەسەرلەر ئەنە شۇ ئارىلىقتا يېزىلغان ئەسەرلەر زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئاسار ئەتىقىلەرنىڭ زور بىر قىسمى ھازىرمۇ چەت ئەللەردە ساقلانماقتا.

20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرى شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەشھۇر تۈركولوگ گۇننار ياررىڭ ئەپەندىنىڭ ھازىر شۋېتسىيە خانلىق كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان 1934-يىلى 22-ئاپرېل شۋېتسىيەنىڭ «جەنۇبىي شۋېتسىيە كۈندىلىك خەۋەرلەر گېزىتى»دە ئېلان قىلغان «ئەينى يىللاردا ئۇيغۇرلاردىكى كىتابپۇرۇشلۇق» سەرلەۋھەلىك ماقالىسىدە ئەينى يىللاردا ئۆزىنىڭ قەشقەردە تۇرلۇك ئاماللار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۇرلۇك مەزمۇندىكى كىتابلارنى سېتىۋالغانلىقىنى، كىتابلارنىڭ تارىخ، دىن، ئەدەبىيات قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەرگە چېتىلىدىغانلىقىنى، ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ كىتابنى قەدىرلەيدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.

خەلقىمىز كىتابخۇمار خەلقتۇر. بۇ ئادەت ئەجدادلىرىمىزدىن ئۇدۇم قالغان. خەلقىمىزدە كىتابنى ئۇلۇغلايدىغان، كىتاب يازغانلارنى ھۆرمەتلەپ قەدىرلەيدىغان، كىتابنى خارلىغانلارنى يامان كۆرۈپ، كىتاب ئاسرىغانلارنى ئالقىشلايدىغان ياخشى ئادەت بار. بۈگۈنگە كەلگەندە ئېلىمىز دۆلەت كۈچىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىشى بىلەن مەتبۇئات ئىشلىرىمىز ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. نەشرىياتلىرىمىز خەلقنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجى بويىچە تۇرلۇك مەزمۇندىكى كىتابلارنى نەشر قىلماقتا. پارتىيە مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرىدا نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىمىز ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانىدا)

① بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق تۈزگەن «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» 526-بەت.

# «مىراس» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

«مىراس» ژۇرنىلى «مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال»، «مەملىكەتلىك سىر خىل ژۇرناللار سېپىدىكى قوش ئۈنۈم ياراتقان ژۇرنال»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال»، «شىنجاڭ 2 ـ نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال بولۇپ، سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدىكى «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى» سەھىپىسىدە ھەرخىل تېمىدىكى نادىر ئىلمىي ماقالىلەر، «ئادەت قېرىماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، «بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا» سەھىپىسىدە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل دۇردانىلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ھېكايەتلەر، «يىلتىزسىز دەرەخ بولماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوبرازلىق تارىخىي كەچمىشلىرى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەسەپ يىلتىزىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، «كۈلكە ـــ جان ئوزۇقى» سەھىپىسىدە قىزىقارلىق لەتىپە ـ يۇمۇرلار، «ئايدىڭ كېچىلەر» سەھىپىسىدە ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ پاك ئىنسانىي سۆيگۈ مۇھەببىتى كۆيلەنگەن سۆيگۈنامىلەر، «ساقلىقىڭ ـــ شاھلىقىڭ» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرى ۋە سالامەتلىك ھەققىدىكى ھېكمەتلەر، «مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئائىلەڭدىن باشلا» سەھىپىسىدە پەرزەنتلەرنى دانا ۋە ئەخلاقىي رەنالاردىن قىلىپ تەربىيەلەش توغرىسىدىكى ئۆگۈت ـ بىلىملەر، «چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار» سەھىپىسىدە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى، «دۇنياغا نەزەر» سەھىپىسىدە چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

قىسقىسى، «مىراس» ژۇرنىلى ئاۋامغا جاھاننامە، ئالىملارغا بايلىق، ئاشىقلارغا ۋىسال، ئاتا ـ ئانىلارغا مەسلىھەت، پەرزەنتلەرگە ئىنساپ، قىزلارغا شەرم ـ ھايا، يىگىتلەرگە غۇرۇر، باللارغا ئەقىل ـ پاراسەت، ئاغرىقلارغا شىپا، ئاجىزلارغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ!

بىز سىزلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 2011 ـ يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تەۋەررۇك مىراسلىرىمىزنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش يولىدا ئىشلەۋاتقان جاپالىق خىزمىتىمىزگە يېقىندىن يار ـ يۆلەكتە بولۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز، ژۇرنىلىمىزنىڭ مەملىكەت بويىچە بىرلىككە


كەلگەن نومۇرى: CN65 — 1130\1

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 — 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58

تېلېفون نومۇرى: 4554017 ـ 0991

E-mail:miras uyghur @126.com

ژۇرنىلىمىزنىڭ يىللىق باھاسى 36.00 يۈەن، يەككە باھاسى: 6.00 يۈەن


**ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى**







ئادىل خالىقجان فوتوسى




# 美拉斯

# MIRAS

# مىراس


主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716 号文联大楼 14 层)电话:(0991)4554017
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I
国外统一刊号:ISSN1004—3829
代号:58-60　广告许可证号:6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
邮编:830001　定价:6.00 元
CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT(GROUP)CORPORATION
16Gongti E.Road,Chaoyang District,P.O.Box88,Beijing 100020,PR China
E—Mail:exprt@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
Fax:0086-10-6563069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004552

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزگۈچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: 0991- 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58 باھاسى: 6.00 يۈەن
E-mail: mirasuyghur@ 126. com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040